*Вәтәнни сөйүш - иманниң жүмлисидиндур*

ۋەتەننى سۆيۈش - ئىماننىڭ جۈملىسىدىندۇر

# ئىتتىپاق

قىرغىزستان ئۇيغۇرلىرى «ئىتتىپاق»
جەمئىيىتىنىڭ ئاممىۋىي - سىياسىي گېزىتى

**Общественно - политическая газета**
**Общественного объединения уйгуров**
**“Иттипак” Кыргызской Республики**

# ИТТИПАК
# ЫНТЫМАК

№ 5 (895), май, 2022 г.

2022-يىل، ئىيار 5- سان (895)

**-Газета издается с марта 1994 года**

## В НОМЕРЕ:



*Доппа байрими*
*3-бәт*



*Фестиваль тюркских народов*
*3-бәт*




*Лутпулла Мутәллипкә беғишланған мәшрәп*
*6,8-бәтләр*



*Международный турнир по самбо*
*Стр. 9*

*Унтулмас күнләр*
*14-бәт*

## 5-май - Кыргыз Республикасынын Конституция күнү

## 5-ماي - قىرغىزستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ كونستىتۇتسىيە كۈنى

## 5 мая - День Конституции Кыргызской Республики






*Кыргыз Республикасынын Президенти Садыр Жапаров, 5-майда, кыргызстандыктарды өлкөнүн Конституция күнү менен куттуктады.*

*Мамлекет башчысынын куттуктоосу:*

*«Урматтуу мекендештер!*

*Кымбаттуу кыргызстандыктар!*

*Сиздерди бүгүнкү Кыргыз Республикасынын Конституция күнү менен куттуктайм! Кылым карыткан кыргыз калкы ар дайым акыйкаттыкты туу тутун, адилеттикке умтулуп, эгемен Кыргызстаныбыздын кубаттуу, өнүккөн мамлекет болуусун эзелтеден эле эңсеп, илгери үмүт менен жашап келген.*

*Учурда биз жашап жаткан, колдонуудагы Конституциябыз дал ушул адилеттүүлүккө умтулуунун, теңчиликтин болушун шарттайт. 2020-жылдын Октябрь окуяларында коюлган талап дагы, анын жыйынтыгындагы натыйжа дагы дал ошого байланыштуу.*

*Көз карандысыз Кыргызстандын биринчи Конституциясына 1993-жылдын 5-майында кол коюлгандыгы жалпы журтка белгилүү. Мамлекетибиздин Баш мыйзамына 2021-жылдын апрелинде болгон референдумдун (жалпы элдик добуш берүүнүн) жыйынтыгына өткөн жылдын 5-майында кол коюлду. Жалпы элдик добуш берүүдө мекендештерибиз өлкөнүн көз карандысыздыгын, салттуу үй-бүлөлүк баалуулуктарды, жарандардын укуктары менен эркиндигин бекемдеген Конституция үчүн добуш беришкен.*

*Урматтуу кыргызстандыктар!*

*Бүгүн биз үчүн ыйык болгон Ата Мекенибизди өзүбүз гана алга сүрөп, өз тагдырыбызды өзүбүз гана чечишибиз керек экенин аңдап-түшүнүүбүз кажет.*

*Бардыгыңыздарга бекем ден соолук, узак өмүр, бакты-таалай жана бакубат жашоо, Кыргызстаныбызга тынчтык жана өнүгүү каалайм!».*

**«Президент» сайты»**

5-ماي، قىرغىزستان جۇمھۇرىيىتى پرېزىدېنتى سادىر جاپاروۋ قىرغىزستان خەلقىنى دۆلەتنىڭ ئاساسىي قانۇن كۈنى بىلەن تەبرىكلىدى.

دۆلەت رەھبىرىنىڭ تەبرىك سۆزى:

«ھۆرمەتلىك يۇرتداشلار!

ھۆرمەتلىك قىرغىزىستانلىقلار!

مەن قىرغىزستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئاساسىي قانۇن كۈنىنى تەبرىكلەيمەن!

نەچچە يۈز يىللىق تارىختا ، قىرغىزستان خەلقى ئەزەلدىن ھەقىقەتنى، ئادالەتنى تەشەببۇس قىلىپ، كۈچلۈك، گۈللەنگەن دۆلەت ئىگىلىك ھوقۇقلۇق قىرغىزستان ئىدىيىسى بىلەن ياشىدى.

بۈگۈنكى كۈندە، دۆلەتنىڭ ھازىرقى ئاساسىي قانۇنىدا ئادالەت ۋە باراۋەرلىككە كاپالەتلىك قىلىش شەرتى قويۇلدى. بۇ 2020-يىلى ئۆكتەبىردىكى پائالىيەتلەردە ئوتتۇرىغا قويۇلغان تەلەپلەرنىڭ ئەمەلىيلەشتۈرۈلگەنلىگىنىڭ نەتىجىسى ئىدى.

مۇستەقىل قىرغىزستاننىڭ تۇنجى ئاساسىي قانۇنى 1993-يىلى 5-مايدا ئىمزالاندى. 2021-يىلى 4-ئايدا رېفېراندۇم (ئومۇمىي خەلق بىلەت تاشلاش) تەرىپىدىن ماقۇللانغان يېڭى ئاساسىي قانۇنمۇ ئۆتكەن يىلى 5-مايدا ئىمزالاندى.

مەملىكەتلىك ئومۇمىي خەلق ئارىسىدا ئاۋازغا قويۇشتا، يۇرتداشلىرىمىز دۆلەتنىڭ مۇستەقىللىغىنى، ئەنئەنىۋى ئائىلە قىممەت قارىشىنى، پۇقرالارنىڭ ھوقۇقى ۋە ئەركىنلىگىنى كۈچەيتىدىغان ئاساسىي قانۇنغا بىلەت تاشلىدى.

ھۆرمەتلىك قىرغىزىستانلىقلار!

بۈگۈن شۇنى تونۇپ يېتىشىمىز كېرەككى، بىز پەقەت ئۆزىمىزنىڭ تەقدىرى ۋە ۋەتىنىمىزنىڭ تەقدىرىگە ئۆزىمىز مەسئۇل.

ھەممىڭلارغا سالامەتلىك، ئۇزۇن ئۆمۈر، خۇشاللىق قىرغىزستاننىڭ تىنچلىغى ۋە گۈللىنىشىنى تىلەيمەن ».

**«پرېزىدېنت تور بېكىتى»**

*Президент Кыргызской Республики Садыр Жапаров 5 мая, поздравил кыргызстанцев с Днём Конституции страны.*

*В частности он сказал:*

*«Дорогие соотечественники!*

*Уважаемые кыргызстанцы!*

*Поздравляю Вас с Днем Конституции Кыргызской Республики!*

*На протяжении своей многовековой истории кыргызский народ всегда ратовал за истину, выступал за справедливость, жил с идеей о суверенном Кыргызстане, сильном, процветающем государстве.*

*Сегодня в действующей Конституции страны заложены условия для обеспечения справедливости и равенства. Это стало итогом реализации требований, выдвинутых во время октябрьских событий 2020 года.*

*Первая Конституция независимого Кыргызстана была подписана 5 мая 1993 года. Новая Конституция, принятая на референдуме (всеобщем народном голосовании) в апреле 2021 года, также была подписана в прошлом году 5 мая.*

*На всенародном референдуме наши соотечественники проголосовали за Конституцию, укрепляющую независимость страны, традиционные семейные ценности, права и свободы граждан.*

*Уважаемые кыргызстанцы!*

*Сегодня мы должны осознавать, что только мы сами ответственны за свою судьбу и судьбу нашей Родины.*

*Желаю всем вам крепкого здоровья, долголетия, счастья и благополучия, Кыргызстану мира и процветания».*

**«Сайт президента»**

## 27 МАЯ, ПОД ПРЕДСЕДАТЕЛЬСТВОМ ПРЕЗИДЕНТА САДЫРА ЖАПАРОВА ПРОШЛО ЗАСЕДАНИЕ ВЕЭС

*27 мая, под председательством Президента Кыргызской Республики, председателя Высшего Евразийского экономического совета (ВЕЭС) Садыра Жапарова состоялось очередное заседание ВЕЭС с участием лидеров стран-участниц Евразийского экономического союза (ЕАЭС) в формате видеоконференции.*



*В повестке саммита в расширенном и узком составах запланировано было и обсуждалось 15 вопросов, в числе которых основные ориентиры макроэкономической политики государств-членов ЕАЭС на 2022–2023 годы, результаты работы по устранению препятствий на внутреннем рынке ЕАЭС за 2021 год, реализация ос-*




*новных направлений международной деятельности ЕАЭС и др.*

*В заседании приняли участие — Президент Беларуси Александр Лукашенко, Президент Казахстана Касым-Жомарт Токаев, Президент России Владимир Путин, Премьер-министр Армении Никол Пашинян. В качестве лидеров стран-наблюдателей — Президент Узбекистана Шавкат Мирзиёев и Президент Кубы Мигель Диас-Канель.*

*Напомним, что в течение 2022 года Кыргызская Республика председательствует в Высшем Евразийском экономическом совете, Евразийском межправительственном совете и Совете Евразийской экономической комиссии.*

*«Сайт Президента»*

## 30-Я ГОДОВЩИНА ОБРАЗОВАНИЯ ВООРУЖЕННЫХ СИЛ КЫРГЫЗСКОЙ РЕСПУБЛИКИ




*В Бишкеке прошло торжественное собрание, посвященное 30-й годовщине образования Вооруженных Сил*

*29 мая, в г.Бишкек, в Кыргызской национальной филармонии имени Т. Сатылганова прошло торжественное собрание, посвященное 30-й годовщине образования Вооруженных Сил Кыргызской Республики.*

*В мероприятии принял участие Президент Кыргызской Республики – Главнокомандующий Вооруженными Силами Садыр Жапаров.*



*Глава государства осмотрел тематическую фотовыставку и выставку образцов стрелкового оружия, инженерно-саперной техники и радиостанций.*

*Также Главнокомандующий в своем выступлении поздравил военнослужащих и ветеранов Вооружённых Сил с юбилейной датой, отметил достижения армии*



*за годы независимости, а также наметил планы стратегического развития обороноспособности страны.*

*«Сайт Президента»*

**Иттипак**

**Главный редактор:** باش مۇھەررىر:
*Зумрат Рузиева* زۇمرەت روزىېۋا

**Зам. редактора:** مۇئاۋىن مۇھەررىرلەر:
*Акбаржан Баудунов* ئەكبەرجان باۋۇدۇن
*Абдурахим Хапизов* ئابدۇرەخىم ھاپىزى

**Редколлегия:** تەھرىر ھەيئىتى
*Музаппархан Курбанов* مۇزەپپەرخان قۇربانوۋ
*Мухаммеджан Ясынов* مۇھەممەتجان ياسىنوۋ
*Осман Турдиев* ئوسمان تۇردىيېۋ

**Дизайнер - верстальщик:** دىزاينېرى - ۋېرستالشىكى:
*Зумрат Рузиева* زۇمرەت روزىېۋا

**Набор текста:** تېكستنى نابور قىلغان:
*Зайтуна Рузиева* زەيتۇنەم روزىېۋا

Материалы, опубликованные в газете, являются собственностью редакции. Письма, рукописи не рецензируются и не возвращаются. Авторы опубликованных материалов несут ответственность за подбор и точность приведенных фактов. Редакция может публиковать статьи в порядке обсуждения, не разделяя точку зрения автора. Ответственность за содержание статей и рекламы редакция не несет.

گېزىتىمىز سەھىپىلىرىدىكى ماتېرىئاللارنىڭ جاۋاپكەرلىگى مۇئەللىپ ئۈستىدە.

**Учредитель:**
**Общественное объединение уйгуров «Иттипак» Кыргызской Республики**

ساھىبى:
«ئىتتىپاق» جەمئىيىتى

**Свидетельство о перерегистрации 682, серия ГРП, номер 000833 Министерство юстиции КР**

**Отпечатано в типографии «Центр поддержки СМИ». Заказ №724, тираж 3300**

**г. Бишкек, АНК, Дом Дружбы, ул. Пушкина, 78 инд. :720040**

**Тел.: 62-04-50 66-40-04**

# 5-май доппа байрими күнидә уйғур өсмүрлириниң қәлб сөзлири

Уйғур хәлқи Хитай коммунист һакимийити тәрипидин ана тилида сөзлишиш, өзлириниң диний етиқади, миллий мәдәнийити вә урп-адәтлири билән яшаштa чәклимигә учрап, ассимиляция болуп кетиш хәвпигә дуч келиватқан бүгүнки күнләрдә, чәт әлләрдә яшаватқан уйғурлар 5-май күни, доппа байримини тәбрикләп, миллий кимлиги һәм мәдәнийитини сақлашта тиришчанлиқ көрситип кәлмәктә.

Дунияниң һәр қайси жайлиридики уйғурлар 5-май доппа байрими күни мунасивити билән бир-бирлирини тәбрикләп, иҗтимаий таратқуларда учур йоллап, доппа кийгән рәсимләрни һәмбәһирлишип, тәнтәнә қилишмақта. Бу арқилиқ өзлириниң миллий мәдәнийәтлирини намайән қилмақта.

Стамбулдики Зәйтинбурну райониға жайлашқан уйғур ана тили йәслиси вә Қурьан курси мәктивиниң оқуғучилириму 5-май күни-доппа байримини тәбрикләп икки парчә синалғу тарқатқан. Синалғуда уйғур өсмүрлири өзлириниң чирайлиқ доппа вә әтләс көйнәклирини кийгән һалда доппа байримини тәбрикләп шеирларни оқуди вә нахшилирини ейтишти.

Уйғур яшлиридин Истамбул Тиҗарәт университитиниң оқуғучиси Мәрдан уйғур, доппа байриминиң уйғурларниң миллий мәдәнийити вә кимлигини қоғдаш күрешиниң бир символи екәнлигини ипадиләп, мундақ деди: “Алди билән дунияниң һәр қайси жайлирида яшаватқан пүтүн уйғурларниң доппа байрими мубарәк болсун! Доппа-Шәрқий Түркистанлиқ уйғур хәлқиниң бешиға кийидиған әнъәнивий миллий кийимлиридин биридур. Доппимиз һәм әрләргә һәм аялларға хас болуп, охшимайдиған рәң вә пасонлардики түрлүк доппилиримиз бар. Мән бадам доппини яхши көримән, яшларму бадам доппини яхши көрүши мумкин. Уйғурлар һәр жили 5-май күни доппа байрими тәнтәнисини елип бариду вә бу арқилиқ миллий мәдәнийитини намайән қилиду. Доппа - уйғурларниң



миллий мәдәнийитини вә кимлигини қоғдаш күрешиниң бир символидур. Биз миллий мәдәнийитимиз вә урп-адәтлиримизни қәтъий қоғдаймиз, шундақла униң йоқилип кетишигә һәргиз йол қоймаймиз. Биз чәт әлләрдә яшаватқан шәрқий түркистанлиқлар болуш сүпитимиз билән, өзимизниң урп-адәтлирини, миллий мәдәнийитини қоғдишимиз керәк, чүнки хитай таҗавузчилириниң Шәрқий Түркистанда елип бериватқан ирқий қирғинчилиғи сәвәблик миллий мәдәнийитимиз, урп-адәтлиримиз йоқ болмақта. Биз чәт әлләрдә болсиму өзимизниң миллий мәдәнийитимизни қәтъий қоғдишимиз керәк. Мән дунияниң һәр қайси жайлиридики уйғурларниң доппа байримини қизғин тәбрикләймән, уйғурларниң доппа байрими мубарәк болсун!”

Зияритимизни қобул қилған Истамбулдики уйғур өсмүр Фатимә алди билән пүтүн дуниядики уйғурларниң доппа байримини тәбрикилиди. У өзиниң доппа кийгән вақтида уйғур миллий урп-адәтлири вә мәдәнийитини қоғдиғандәк һес қилидиғанлиғини билдүрди.

Муһәммәт исимлик йәнә бир уйғур өсмүр өзиниң доппа кийишни яхши көридиғанлиғини, доппа кийиш арқилиқ өзиниң уйғур екәнлигидә миллий кимлигини башқиларға намайән қилалайдиғанлиғини ипадилиди.

Нәзирә Арслан исимлик йәнә бир уйғур қизи дунияниң һәр қайси жайлирида яшаватқан уйғурларниң доппа байримини тәбрикләйдиғанлиғини билдүрди.

Хәлиқара Шәрқий Түркистан тәшкилатлар бирлигиму уйғур доппа байримини тәбрикләп, өзиниң рәсмий Фейсбук сәһиписидә баянат елан қилди. Баянатта мундақ дейилгән: “5-май уйғур доппа байрими күни, уйғур хәлқиниң өз мәдәнийитигә вә миллий кимлигигә болған һөрмәт, хитай ишғалийитигә вә уларниң ассимилация сәяситигә қарши тәврәнмәс бир роһиниң намайәндисидур.”

Истамбулдики Шәрқий Түркистан вәхпиму уйғурларниң доппа байримини тәбрикләп, өзиниң Фейсбук сәһиписидә тәбрикнамә елан қилди. Тәбрикнамида мундақ дейилгән: “доппа-уйғур хәлқиниң кимлик күрешиниң символидур, уйғурларниң доппа байрими мубарәк болсун!”

5-май доппа байрими күни мунасивити билән Истамбулдики уйғур академиясиниң уюштуруши билән “Уйғурларниң ассимиляциягә қарши қурали: 5-май уйғур доппа байрими” дегән темида тор сөһбәт жиғини өткүзүлди. Тор сөһбәт жиғинида сөз қилған Илшат Һәсән әпәнди доппиниң уйғур мәдәнийитидики муһим орни тоғрисида тохталди.

У мундақ деди: “Доппа байрими йолға қоюлуп, хәлиқ ичигә умумлашқандин кейин, бу байрам уйғурларға өз кимлигини һес қилдурған болса, Хитайниң көзигә жиңнә кәби қадалған бир миқ болди. Шуниң үчүн доппа байриминиң әһмийити зор.”

Егилинишимизчә, уйғур доппа байриминиң әң дәсләпки тәшәббуси 2009-жили, 5-айниң 4-күни 30 ға йеқин уйғур зиялийлириниң Үрүмчидә жиғилип баш қошуши билән оттуриға қоюлған екән. Шу кетимлиқ жиғилишта һәр жили 5-айниң 5-күнидә “Уйғур доппа байримини” өткүзүш музакирә қилинған болсиму, әмма Хитай һөкүмитиниң мунасивәтлик орунлиридин бу тоғрисида тәстиқ алалмиған. Шундақ болсиму, иҗтимаий таратқуларниң тәсири нәтиҗисидә 2010-жили, 5-айниң 5-күнидин башлап “Уйғур доппа байрими” авам арисида умумлишип һәр жили тәбриклинидиған болған.

***АРСЛАН, РФА***

# *ПРОШЕЛ ФЕСТИВАЛЬ ТЮРКСКИХ НАРОДОВ*

6 мая в турецком городе Анталия прошел фестиваль, посвящённый истории и культуре тюркских народов, который продлился 3 дня. Представители, участники данного фестиваля из Кыргызстана, Узбекистана, Турции и Казахстана продемонстрировали зрителям фестиваля свои национальные одежды, музыкальные инструменты, национальные танцы и игры, а также продемонстрировали искусство стрельбы из лука и скачки на лошадях. Уйгуров на данном фестивале представляли Ассоциация уйгуров Турции и их председатель Тохтиев Ярмахаммат, заслуженный работник культуры Адилям Жапарова, танцевальный коллектив при Ассоциации уйгуров Турции и гости из Кыргызстана, Казахстана и Узбекистана. Также на фестивале приняли участие Зарина Нуриева с коллективом Show ballet «Fiesta», Сайяра Озган, Хуршидам



Нигметова из Казахстана, Нуртай Абдраимов и его сын Ихсан Абдраимов, бывший председатель Комитета культуры Общества уйгуров «Иттипак» КР Кальбинур Жамалова и ее дочь Камилям Жамалова, обучающаяся в Турции. Участники и гости фестиваля были поражены многообразием и красотой уйгурской культуры, кухни и картинами «12 мукамов» и «Наследие Садыр Палвана». Украшением уйгурского шатра занимались Сайяра Озган, Хуршидам Нигметова, предоставившие национальные одежды, картины и ковры. Традиционные блюда уйгурской кухни были предоставлены уйгурским рестораном «Turpan» из г.Анталия. В концертной программе были показаны танец с пиалами, танец редчайшей красоты и грациозности, указывающий на гостеприимство и глубину истории уйгурского народа и танец «Долан», были исполнены уйгурские народные песни. Особую благодарности и признательности заслужил владелец ресторана «Turpan» Ибрагим Хаджиев, который оказал активную помощь в украшении шатра и предоставлении транспорта для наших артистов и участников.

***СОБ. КОРР.***

# Йүзләрчә уйғурлар Җәнвәдики Б Д Т бинаси алдида намайиш елип барди




5-айниң ахирқи күнлири БДТ Кишилик һоқуқ кеңишиниң алий комиссари Мишель Бачелетниң жаза лагерлири мәсилиси сәвәблик уйғур дияриға тәкшүрүшкә баридиғанлиғи ашкариланғандин кейин, хәлиқарадики көплигән кишилик һоқуқ органлири униңдин уйғурлар тоғрилиқ өткән жили һазирланған докладни алдин елан қиливетишни тәләп қилип кәлгән вә уни Хитайниң ялған сәһнә һазирлап алдишидин агаһландурған еди. ДУҚ охшаш мәқсәттә, йәни 5-айниң 13-күни Җәнвәдики БДТ бинаси алдида хәлиқаралиқ бир намайиш уюштуруп, уйғурларниң ирадиси вә тәләп-истәклирини намайән қилди.

Европа, Асия вә Америка қитъәлиридин кәлгән йүзләрчә уйғурлар 5-айниң 13-күни сәһәр саат 10:00 да Җәнвәдики БДТ баш штаби алдиға топланған. Улар узун сәп һасил қилип, түрлүк шуарларни товлап, БДТ Кишилик һоқуқ кеңиши алий комиссари бинасиниң алдиға қәдәр жүрүш қилған. Алий комиссар бинаси алдидики намайиш Шәрқий Түркистанниң истиқлал марши билән башланди.

ДУҚ рәиси Долкун Әйса әпәнди истиқлал маршидин кейин нутуқ сөзләп, уйғурларниң БДТ дин күтидиған тәләплирини оттуриға қойған вә БДТ ни Шәрқий Түркистандики жаза лагерлирини дәрһал тақаш үчүн әмәлий тәдбир қоллинишқа чақирған. У сөзидә, “Биз бүгүн Мишель Бачелетниң алдиға ялвурғили әмәс, бәлки униңдин һесап сориғини кәлдуқ, уйғур ирқий қирғинчилиғини тохтитиш БДТ ниң мәсъулийити” дегәнләрни тилға алған.

Намайишқа тибәтликләр вә көплигән хәлиқаралиқ кишилик һоқуқ тәшкилатлириниң мәсъуллириму қатнашти. Долкун Әйсаниң сөзидин кейин кишилик һоқуқ тәшкилатлириниң мәсъуллири нутуқлар сөзләп, Хитайниң уйғур ирқий қирғинчилиғи җинайәтлирини қаттиқ әйибләшкән вә БДТдин уйғурлар тоғрилиқ һазирланған докладни дәрһал елан қилишни тәләб қилишқан.

Биз бу қетимқи намайиш тоғрилиқ техиму әтраплиқ мәлумат егиләш үчүн, һәрқайси әлләрдин келип намайишқа қатнашқан бир қисим сәясий активларни зиярәт қилдуқ. Америкидин келип бу намайишқа қатнашқан мәркизи Вашиңтондики Уйғур һәрикити тәшкилатиниң директори Рушән Аббас ханим зияритимизни қобул қилғанда, өткүзүлгән бу намайишниң ялғуз кишилик һоқуқ кеңишиниңла әмәс, БДТ ниң барлиқ органлириниң диққитини тартидиғанлиғини тәкитлиди. Германиядин келип намайишқа қатнашқан ДУҚ Иҗраийә комитетиниң муавин рәиси Турғунҗан Алавудун әпәндиму намайишниң мәқсити һәққидә тохтилип өтти.

Намайишниң ахирида, ДУҚ рәиси Долкун Әйса башлиқ бир группа киши Мишель Бачелетниң ишханисиға 60 тин артуқ уйғур тәшкилатиниң имзалиқ хетини, жаза лагерлири қурбанлириниң тизимлигини вә жаза лагерлири жайлашқан орунларниң адресини тапшурди. Долкун Әйса әпәнди бу һәқтә тохталғанда, бу намайишниң Мишель Бачелетниң уйқусини ечишқа түрткә болидуғанлиғини әскәртқән.

**ӘКРӘМ ,**
**13.05.2022**

# “Шинҗаң сақчи архивлири” ниң ашкарилиниши мунасивити билән Мюнхенда Хитайға қарши намайиш елип берилди

Дунияниң һәрқайси жайлиридин ДУҚ уюштурған Миллий кеңәш жиғиниға қатнишиш үчүн Германияниң Мюнхен шәһиригә жәм болған уйғурлар бүгүн, йәни 25-май күни “Шинҗаң сақчи архивлири” ниң ашкарилиниши мунасивити билән Мюнхендики Хитай консулханисиниң алдида наразилиқ намайишини елип барди.

ДУҚ рәиси Долкун Әйса әпәнди намайиш башлиниши билән нутуқ сөзләп, бу “Архив” муһаҗирәттики уйғур тәшкилатлири, жаза лагерлири шаһидлири оттуриға қоюп кәлгән Хитайниң ирқий қирғинчилиқ җинайәтлирини йәнә бир қетим испатлиғанлиғини тәкитлиди.




Америкидин келип, бу намайишқа қатнашқан Америка аләм қатниши идарисиниң тәтқиқатчиси доктор Әркин Сидиқ әпәнди нәқ мәйданда зияритимизни қобул қилғанда, бу намайишниң дәл вақтида уюштурулғанлиғини тилға алди. Японийәдин келип бу намайишқа қатнашқан Илһам Маһмут әпәндиму мәзкур намайиш тоғрисида өзиниң көз қарашлирини баян қилип өтти.

Намайиш җәриянида Германия йешиллар партиясиниң сабиқ рәһбәрлиридин Маргарита Бавзи ханимму нутуқ сөзләп, “Шинҗаң сақчи архивлири” ниң ашкарилиниши тоғрисида өз пикирлирини баян қилип өтти. Канадидин кәлгән уйғур сәясий паалийәтчилиридин Мәмәт Тохти әпәндиму намайиш тоғрисидики тәсиратлирини биз билән ортақлашти.

Мәзкур намайишқа йәнә һәрқайси әлләрдин бир қисим лагерь шаһидлириму келип қатнашқан. Голландиядин кәлгән лагерь шаһиди Қәлбинур Сидиқ ханимму намайиш җәриянида нутуқлар сөзлиди вә зияритимизни қобул қилип өзиниң һаяҗанлирини ипадә қилди.




Бир саат давам қилған бу намайиш җараңлиқ шуарлар билән наһайити җанлиқ кәйпият ичидә өтти.

**ӘКРӘМ,**
**2022-05-25**

دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى ئىجراھىيە كومىتېتىنىڭ رەئىسى ئۆمەر قانات ئەپەندىم ئۇيغۇر ئىرقىي قىرغىنچىلىقىنى توختىتىش ئۈچۈن ئامېرىكىدىكى مۇسۇلمان جامائىتىنى ھەرىكەتلەندۈرۈش ئارقىلىق ئىسلام ئەللىرىنى ئۇيغۇر ئىرقىي قىرغىنچىلىقىغا قارشى تەدبىر قوللىنىشقا قىستاش مەقسىدىدە يېقىندا فلورىدا شىتاتىدا بىر يۈرۈش پائالىيەتتە بولغان ئىدى.

بۇ جەرياندا ئۆمەر قانات ئەپەندىم جەنۇبى فلورىدادىكى ئەڭ چوڭ مەسجىتلەرنىڭ بىرى بولغان جەنۇبى فلورىدا ئىسلام مەركىزى مەسجىتىدە ئۆتكۈزۈلگەن جۈمە نامىزىدا سۆز قىلىپ، مۇستەبىت خىتاي ھاكىمىيىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندا ئۇيغۇرلارنى ئاساس قىلغان مۇسۇلمان خەلقلەرگە يۈرگۈزىۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىقى ۋە مۇقەددەس ئىسلام دىنىمىزغا قارشى يۈرگۈزىۋاتقان دۈشمەنلىكلىرى ھەققىدە تەپسىلى مەلۇمات بېرىش بىلەن بىرگە، ئامېرىكىدىكى مۇسۇلمان جاما'ئىتىنى خىتاينىڭ بۇخىل ۋەھشىلىكلىرىگە قارشى ئورنىدىن دەس تۇرۇشقا ۋە خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارغا يۈرگۈزىۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىقىنى كۆرمەسكە سېلىپ سۈكۈت قىلىپ تۇرۇۋاتقان ئىسلام ئەللىرىگە بېسىم ئىشلىتىشكە چاقىردى.

بۇ قېتىمقى جۈمە نامىزىنىڭ خۇتبىسى مەخسۇس ئۇيغۇر مەسىلىسىگە ئايرىلدى ۋە ئىمام شەيخ ھادى ئەپەندىم خۇتبىسىدە قىلغان سۆزىدە ئامېرىكا مۇسۇلمانلىرىنى ئۆزلىرىنىڭ دىنى قېرىنداشلىرى ھېساپلانغان شەرقىي تۈركىستان خەلقىغە ئىگە چىقىشقا چاقىردى ۋە بۇنىڭ ھەر بىر مۇسۇلماننىڭ دىنىي مەجبۇرىيىتى ئىكەنلىكىنى ئىپادە قىلدى.

ئارقىدىن ئۆمەر قانات ئەپەندىم يەنە بوكا راتون ئىسلام مەركىزىنىڭ تەكلىپى بىلەن بوكا راتون شەھىرىدىكى ئەڭ چوڭ مەسجىت بولغان بوكا مەسجىتىدە سۆزگە چىقىپ خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندا ئۇيغۇرلارغا قاراتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىقى ھەققىدە تەپسىلى مەلۇمات بېرىش بىلەن بىرگە، ئامېرىكا مۇسۇلمانلىرىنى



ئۇيغۇر ئىرقىي قىرغىنچىلىقىنى توختىتىش ئۈچۈن سەپەرۋەر بولۇشقا چاقىردى.

ئۇندىن بۇرۇنمۇ ئۆمەر قانات ئەپەندىم ۋە ئامېرىكا ئۇيغۇر بىرلەشمىسىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى ئەلفىدار ئىلتەبىر خانىم ئامېرىكا ئىچكى بىخەتەرلىك مىنىستىرى مايوركاس ئەپەندىمنىڭ رامىزان مۇناسىۋىتى بىلەن ۋىرگىنىيا شىتاتىدىكى مۇسۇلمان جامائەتلىرىنىڭ ۋەكىللىرى بىلەن ئېلىپ بارغان ئىفتار سۆھبىتىگە تەكلىپ بىلەن قاتنىشىپ ئۇنىڭغا ئۇيغۇر ئىرقىي قىرغىنچىلىقى ھەققىدە بىۋاستە مەلۇمات بېرىش پۇرسىتىگە ئېرىشكەن ئىدى.

DUQ.TV

ئامېرىكا پرېزىدېنتى جوۋ بايدېن 2021 ـ يىلى 23 ـ دېكابىر كۈنى "ئۇيغۇر مەجبۇرىي ئەمگىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش قانۇن لايىھەسى" گە ئىمزا قويۇپ، ئۇنى رەسمىي قانۇنغا ئايلاندۇرغان ئىدى. مەزكۇر قانۇن بۇ يىل 6 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنىدىن ئېتىبارەن رەسمىي يوسۇندا ئىشقا كىرىشىدىكەن. بۇ سەۋەبتىن ئامېرىكا تاموژنا ۋە چېگرا قوغداش ئىدارىسى ئامېرىكىدىكى ھەرقايسى ئىمپورت قىلغۇچىلارغا 2022 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنىدىن باشلاپ "ئۇيغۇر مەجبۇرىي ئەمگىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش قانۇنى" دا كۆرسىتىلگەن ماددىلارنىڭ ئىشقا كىرىشىدىغانلىقى ھەققىدە ئۇقتۇرۇش ئەۋەتىدىغانلىقىنى جاكارلىغان.



مەجبۇرىي ئەمگەك ئارقىلىق ئىشلەپچىقىرىلغان تاۋارلارنىڭ ئامېرىكاغا كىرمەسلىكىگە كاپالەتلىك قىلىشنى مەقسەت قىلىدىغان بۇ قانۇن نەتىجىسىدە ئامېرىكا تاموژنا ۋە چېگرا قوغداش ئىدارىسى شەرقىي تۈركىستاندا ئىشلەپچىقىرىلغان، قېزىۋېلىنغان، ياسالغان بارلىق تاۋارلارنى "مەجبۇرىي ئەمگەك بىلەن بولغانغان" دەپ پەرەز قىلىپ تۇرۇپ ئۇلارنى تۇتۇپ قالىدىكەن. مەجبۇرىي ئەمگەككە چېتىشلىق دەپ پەرەز بويىچە مۇئامىلە قىلىنىدىغان ساھەلەر "ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدا تولۇق ياكى قىسمەن قېزىش

ھەمكارلاشقان ئورۇن ۋە ئەسلىھەلەر قاتارلىقلارنى" ئۆز ئىچىگە ئالىدىكەن.

مەلۇم بولۇشىچە، چېگرا قوغداش ئىدارىسىنىڭ "قايتۇرۇۋېلىشقا بولىدىغان پەرەز" ئۇقتۇرۇشىغا ئاساسەن، ئەگەر شىركەتلەر بۇ تەدبىرگە رەددىيە بەرمەكچى بولسا، چوقۇم ئامېرىكا تاموژنا ۋە چېگرا قوغداش ئىدارىسىنى ئۆزلىرىنىڭ ئىمپورت

قىلغان تاۋار ـ مەھسۇلاتلىرىنىڭ ئۇيغۇر مەجبۇرىي ئەمگىكىگە چېتىلمايدىغانلىقىنى ئىسپاتلايدىغان ئىشەنچلىك ۋە قايىل قىلارلىق پاكىتلار بىلەن تەمىنلىشى كېرەككەن. ئۇنداق قىلالمىغان مۇددەتتىچە بارلىق تاۋارلار بىردەك "مەجبۇرىي ئەمگەك بىلەن بولغانغان" دەپ قارىلىدىكەن ۋە چەكلىنىدىكەن.

ئامېرىكا تاموژنا ۋە چېگرا قوغداش ئىدارىسى ئۇقتۇرۇشىدا "ئۇيغۇر مەجبۇرىي ئەمگىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش قانۇنى" نىڭ



ئېلىپ بارىدىغان، ئىشلەپچىقىرىدىغان ياكى قۇراشتۇرىدىغان ئورۇنلار، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ھۆكۈمەت بىلەن خىزمەتچى قوبۇل قىلىش، توشۇش، يۆتكەش، ياكى مەجبۇرىي ئەمگەككە قوبۇل قىلىش ھەققىدە توختاملاشقانلار، ئالدىنقى ماددىلاردىكى شەرتلەر ئاستىدا قېزىۋېلىنغان، ئىشلەپچىقىرىلغان مەھسۇلاتلارنى ئېكسپورت قىلىدىغان ئورۇنلار، تەمىنلەش زەنجىرى ئۈچۈن ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ھۆكۈمەت ياكى شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش ـ قۇرۇلۇش بىڭتۈەنى دائىرىلىرى بىلەن

2022 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنىدىن باشلاپ يولغا قويۇلىدىغانلىقىنى، ئۇقتۇرۇش خېتىنى تاپشۇرۇۋالغان شىركەتلەرنىڭ تەمىنلەش زەنجىرلىرىدىكى مەسىلىلىرىنى ۋاقتىدا ئوڭشىشى كېرەكلىكىنى تەۋسىيە قىلغان. ئۇلار يەنە خەت تاپشۇرۇۋالمىغان باشقا شىركەتلەرنىڭمۇ ئوخشاشلا يۇقىرىقى قانۇنغا بويسۇنۇپ، شۇ بويىچە ئىش كۆرۈش مەجبۇرىيىتى بارلىقىنى بىلدۈرگەن.

DUQ.TV

ئامېرىكىدا ئاكتىپ پائالىيەت ئېلىپ بېرىۋاتقان ئۇيغۇر ھەرىكىتى تەشكىلاتىنىڭ قۇرغۇچىسى ۋە رەئىسى روشەن ئابباس خانىمنىڭ يېقىندا تېننىس شىتاتىدا ئۆتكۈزۈلگەن "2022 ـ يىللىق مەدەنىيەتلەر ئۇچرىشىشى" مۇھاكىمە يىغىنىدا قىلغان "يوشۇرۇن ئىرقىي قىرغىنچىلىق" دېگەن تېمىدىكى نۇتقى زور تەسىر قوزغىدى.

مەزكۇر يىغىندا روشەن ئابباس خانىم نۇتقىنى باشلاشتىن بۇرۇن ئۇيغۇر ئىرقىي قىرغىنچىلىقىغا ئائىت مۇھىم مەلۇماتلار ۋە قىزىق نۇقتىلارنى ئېكراندا كۆرسىتىپ ئۆتتى.

ئارقىدىن روشەن ئابباس خانىم نۇتقىدا مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: " كوممۇنىست خىتاي ھاكىمىيىتى بىزنىڭ ئانا ۋەتىنىمىزنى ئىشغال قىلىۋالغان 1949 ـ يىلدىن بېرى داۋاملىشىۋاتقان بۇ باستۇرۇش سىياسىتى بۈگۈن سىلەر كۆرۈۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىقنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. مەن بۇ يەردە يىغىۋېلىش لاگېرى، زامانىۋى قۇللۇق، مەجبۇرىي بالا چۈشۈرۈش، ئاياللارنىڭ بەدىنىگە ئۇلارنىڭ تۇغۇشىنى چەكلەش ئەسۋابى ئورنىتىش قاتارلىقلارنى دەيمۇ ياكى خىتاي ھۆكۈمىتى دەللاللىق قىلىۋاتقان كەڭ كۆلەملىك باسقۇنچىلىق، بالىلارنى ئاتا ـ ـ ئانىسىدىن تارتىۋېلىش، جەسەتلەرنى كۆيدۈرۈش، ئىچكى ئورگانلارنى ئوغرىلاپ سېتىش قاتارلىقلارنى دەيمۇ؟ مانا بۇلار نەق ئىرقىي قىرغىنچىلىق.".

روشەن ئابباس خانىم نۇتقىدا يەنە ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ ئاساسلىق ھۇجۇم نىشانىغا ئايلانغانلىقىنى كۆرسىتىپ مۇنداق دېدى: "خىتاي مەتبۇئاتلىرىنىڭ خەۋەر قىلىشىچە، خىتاي ھۆكۈمىتى 1 مىليون 100 مىڭ خىتاي ئەرنى ئۇيغۇر ئائىلىلىرىدە يېتىپ قوپۇپ، ئۇلارنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىنى نازارەت قىلىشقا ئورۇنلاشتۇرغان. ئويلاپ بېقىڭلار، ئۆيىڭىزدىكى ئەرنى خىتاي يىغىۋېلىش لاگېرلىرىغا ئەكېتىپ سولاپ قويىدۇ، سىز خىتاي ئەر بىلەن بىر ئۆيدە ياشاشقا، بىر كارىۋاتتا يېتىشقا مەجبۇر بولىسىز، جىنسىي خورلۇقلارغا ئۇچرايسىز. ئۇيغۇر ئاياللىرىنى بالا چۈشۈرۈشكە ۋە بالا تۇغماسلىققا مەجبۇرلىغان خىتاي ھۆكۈمىتى تەنقىدلەرگە ئۇچرىغاندا خىتاينىڭ ئامېرىكىدىكى ئەلچىخانىسى تىۋىتتېرغا ئۇچۇر يوللاپ، ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ ئەمدى بالا تۇغۇش ماشىنىسى بولمايدىغانلىقىنى ئېلان قىلىپ، ئاياللىرىمىزنى ئاشكارا ھاقارەتلىدى."

روشەن ئابباس خانىم سۆزىدە يەنە شەرقىي تۈركىستاندىكى زامانىۋى قۇللۇق ۋە ئۇنىڭدىن مەنپەئەتلىنىۋاتقان نايكى، ئادىداس، پۇما قاتارلىق شىركەتلەرنىڭ ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىگە شېرىك بولۇۋاتقانلىقىنى ئېيتتى. ئۇ يەنە خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ دىن، ئەخلاق، دېموكراتىيە ۋە كىشىلىك قىممەت قارىشىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىۋاتقان رەزىل ھاكىمىيەت ئىكەنلىكىنى، ئۇيغۇرلارغا يۈرگۈزۈۋاتقان بۇ ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىنىڭ ئەمەلىيەتتە پۈتۈن دۇنيادىكى خەلقنىڭ ھەق ـ ھوقۇقلىرى ۋە كىشىلىك ئىززىتىگە قىلىنغان تاجاۋۇز ئىكەنلىكىنى تەكىتلەپ مۇنداق دېدى: "كىشىلىك ھوقۇق ۋە ئىنسانلىق غۇرۇرنى قەدىرلەيدىغان، ئىنسانلارنىڭ ئېتىقادىنى ھۆرمەتلەيدىغان كىشىلەر بۈگۈن چوقۇم بۇ قورقۇنچلۇق ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىگە قارشى چىقىشى كېرەك. كىشىلىك ھوقۇقىمىزنىڭ ئاساسلىق پرىنسىپى شۇكى، ئۇ كىشىلەرگە نېمىگە ئېتىقاد قىلىش ۋە قانداق ئېتىقاد قىلىشنى تاللاش ھوقۇقى بېرىدۇ.




شۇڭا بىز ئۇنىڭ بۇ زامانىۋى دۇنيادىكى ئەڭ مۇھىم كىشىلىك ھوقۇق مۇۋەپپەقىيىتى، شۇنداقلا ئەركىنلىك ۋە ۋىجدان ھۆرلۈكى ئىكەنلىكىگە ئىشىنىمىز. ھازىر خەتەرگە ئۇچراۋاتقىنى كەلگۈسىمىزلا ئەمەس، بەلكى دېموكراتىيە ۋە ئەركىنلىك. ئەگەر بىز بۈگۈن دېموكراتىيە ۋە ئەركىنلىككە، ئاياللار ۋە بالىلارنىڭ ھوقۇقىغا تاجاۋۇز قىلىۋاتقان زالىم خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ جىنايىتىنى توختاتمىساق، كەلگۈسىدە سىلەرنىڭ پەرزەنتىڭلارمۇ بۈگۈن ئۇيغۇرلار ئۇچراۋاتقان پاجىئەگە دۇچ كېلىدۇ. شۇڭا بىز بۈنىڭدىن كېيىن يۈز بېرىدىغان ئىشلارغا مەسئۇل بولۇشىمىز كېرەك."

"مەدەنىيەتلەر ئۇچرىشىشى" مۇھاكىمە يىغىنى 2007 ـ يىلدىن باشلاپ ھەر يىلى ئۆتكۈزۈلۈپ كېلىۋاتقان مۇھىم پائالىيەت بولۇپ، بۇ يىل تېننىس شىتاتىدا ئۆتكۈزۈلگەن بۇ مۇھاكىمە يىغىنىنى 500 كىشى نەق مەيداندا ئاڭلىغان، 25 مىڭ كىشى توردا كۆرگەن.

DUQ.TV

# ҚИРҒИЗСТАН ЖУМҺУРИЙӘТЛИК «ИТТИПАҚ» МӘШРИПИ ӨТКҮЗҮЛДИ




14- май күни Бишкәк шәһиринин «Ават» кафесида Қирғизстан уйғурлири «Иттипақ» жәмийитиниң уюштурушида Қирғизстан жумһурийәтлик мәшрипи болуп өтти.

Бу мәшрәпкә Бишкәк шәһиридики, Чүй вилайитидин кәлгән жигитбешилири башлиқ оттуз оғул мәшрәп әһли вә Алмутидин кәлгән меһманлар болуп 300 дин ошуқ киши қатнашти.

Бу нөвәтлик мәшрәпкә Чүй вилайити, Аламедин наһийәси, Лебединовка йезисиниң жигитбеши Әркин Веләмов башчилиғидики оттуз оғул мәшрәп әһли саһипханлиқ қилишти. Мәшрәпкә Қирғизстан уйғурлири «Иттипақ» жәмийити рәисиниң орунбасари, мошу қурларнин автори риясәтчилик қилди.


Әскәр Қасими

У мәшрәпниң ечилиш мурасимида мундақ деди:

- Әссаламу әләйкүм, һөрмәтлик оттуз оғул мәшрәп әһли, яхшиму сизләр. Мән риясәтчи Әкбәржан Бавдун болимән. Биз бүгүн нөвәттики Қирғизстан жумһурийәтлик «Иттипақ» мәшрипимизни башлаймиз. Бүгүнки мәшрипимиз вәтәнпәрвәр шаиримиз Лутпулла Мутәллипниң туғулған күнининң 100 жиллиғиға беғишлиниду.

Мән мәшрәп башлинишнинң алдида ялқунлук, вәтәнпәрвәр шаиримиз Лутпулла Мутәллипниң һаяти тоғрисида қисқичә тохтулуп өтәй.

Уйғур хәлқининң тарихий сәһиписидә мунасип орун алған, хәлқимизнинң мунәввәр пәрзәнтлирининң бири, ялқунлуқ вәтәнпәрвәр шаиримиз Лутпулла Мутәллиптур.

Лутпулла Мутәллип 1922-жили, Қазақстанниң Уйғур наһийәсининң Чоң Ақсу йезисида дунияға кәлгән. 1930- жили ата - аниси билән Уйғуристанниң Или вилайитиниң Нилқа шәһиригә көчүп кәлгән.

Лутпулла Мутәллип 1932- 1936- жиллири Ғулжа шәһиридики татар башланғуч мәктивидә, 1936- 1939- жиллири рус гимназия мәктивидә, 1939-1942- жиллири Үрүмчидики Шинжаң педагогика институтида билим алған. Институтни тамамлап, Үрүмчи «Шинжаң гезитидә» ишлигән. Шу чағдики Шинжаңнинң губернатори Шиң Шисәй 1942- жили Совет Иттипақидин йүз өрүп, нурғунлиған зиялийларни «советпәрәс» дәп түрмиләргә селип, қийнап, өлтүрүп вә бәзилирини башқа шәһәрләргә сүргүн қилди. Шулар қатарида Лутпулла Мутәллипму 1943- жили Ақсу шәһиригә сүргүн қилинди. Лутпулла Мутәллип Ақсу гезитханисида вә Ақсу шәһәрлик театрда ишлиди. 1944-жили, октябрдә Ғулжа шәһиридә Гоминдаң һөкүмитигә қарши миллий инқилап болуп, шу жили 12- ноябрь күни үч вилайәттә Шәрқий Түркистан жумһурийити қурулди. Бу хәвәрни аңлиған Лутпулла Мутәллип өзигә охшаш вәтәнпәрвәр яшларни уюштуруп «Шәрқий Түркистан учқунлар иттипақи» намлиқ мәхпий тәшкилатни қурди. Тәшкилатнинң мәхсити - хәлиқни Гоминдаң һөкүмитигә қарши инқилапқа сәпәрвәр қилип, Ақсу шәһирини азат қилиш еди. Бирақ, тәшкилат ичигә киривалған хаинлар түпәйли тәшкилатнинң барлиқ әзалири түрмигә қамалди. Лутпулла башлиқ тәшкилатнинң барлиқ әзалири 1945- жили, 18- сентәбрь күни гоминдаңчилар тәрипидин түрмидә қәтил қилинди.

Лутпулла Мутәллип 23 жил һаят кәчүрүп, бизгә көп қирлиқ әдип сүпитидә тонулди. У шаир, драматург, язғучи, журналист, публицист, әдәбиятшунас болуш билән биргә, артист вә режиссордур. Униң язған әсәрлири уйғур тилидин башқа қазақ, өзбәк, қирғиз, татар, түрк, хитай, рус вә башқа тилларға тәржимә қилинған.


Азтекин Ибрагимов


Турсун Арзиев

Уйғур хәлқининң вәтәнпәрвәр шаири, Гоминдаң һакимийитигә қарши инқилавий һәрикәтнинң тәшкилатичиси, «Шәрқий Түркистан учқунлар иттипақи» тәшкилатининң рәһбири Лутпулла Мутәллипниң туғулғиниға мошу жили 100 жил толди.

Биз бүгүнки Қирғизстан жумһүрийәтлик «Иттипақ» мәшрипимизни вәтәнпәвәр шаиримиз Лутпулла Мутәллипниң туғулғанлиғининң 100 жиллиғиға беғишлидуқ.

Һөрмәтлик оттуз оғул мәшрәп әһли, мәшрәпни башлашнинң алдида Қирғизстан уйғурлири «Иттипақ» жәмийитининң рәиси Әскәр Қасимовни сөзгә тәклип қилимиз.

Әсқәр Қасимов:

- Әссаламу әләйкум, һөрмәтлик оттуз оғул мәшрәп әһли, һазир риясәтчи ейтқинидәк, бүгүнки Қирғизстан жумһурийәтлик «Иттипақ» мәшрипи вәтәнпәрвәр шаиримиз Лутпулла Мутәллипкә беғишлиниду. Биз бүгүн мәшрипимиздә ялқунлуқ шаиримиз Лутпулла Мутәллипниң һаяти тоғрисида тонушуп, уни әсләймиз. Биз бунинңдин кейин һәр бир мәшрипимиздә уйғурлар арисидин чиққан қәһриманлар, шаирлар, язғучилар вә алимлар билән тонушимиз. Шуниң үчүн мәшрәплиримизгә яшларни көпәрәк жәлип қилишимиз керәк.

Бүгүнки мәшрипимизниң яхши өтүшигә тиләкдашмән. Диққитиңларға рәхмәт.

Риясәтчи мәшрәп әһлигә вә меһманларға Қирғизстан жумһурийәтлик «Иттипақ» мәшрипининң жигитбеши, қазибеги, пашшапбеги, көлибеги вә дарибегиләрни тонуштуруп өтүп, .

Мошу мәшрәпниң баш жигитбеши Сидиқжанға сөз бәрди..

Сидиқжан:

- Һөрмәтлик оттуз оғул мәшрәп әһли, бизниң бүгүнки мәшрипимиз вәтәнпәрвәр шаиримиз Лутпулла Мутәллипкә беғишлиниду. Мәшрәптә Лутпулла Мутәллип ким? У немә ишларни қилған, униң язған шеирлирини, ейтқан нахшилирини аңлаймиз. Шуниң үчүн, бүгүнки мәшрипимизниң яхши өтишини, һәммиңларниң яхши кәйпиятта болушиңларни тиләймән.







Андин қазибеги Ғәйрәт Жаһановқа сөз берилиду.

Ғәйрәт Жаһанов:

- Һөрмәтлик мәшрәп әһли, бүгүнки мәшрәпниң Лутпулла Мутәллипкә беғишланғини яхши болди. Лутпулла Мутәллипни биз чоң яштики кишиләр яхши билимиз. Кейинки Қирғизстанда туғулуп өскән яшлар билмәйду. Бүгүнки мәшрәп арқилиқ Лутпулла Мутәллипниң һаяти вә униң қилған ишлирини үгүнимиз. Иккинчи гәп, мәшрәпниң тәртип-интизамлириға бой сунайли. Әгәр мәшрәпниң интизамиға хилаплиқ ишлар болса, пашшапбегиниң әрзиси билән жазалиниду, Һәммиңлар бүгүнки мәшрәптә яхши дәм елиңлар. Рәхмәт.

*(Давами 8-бәттә)*

# د ئۇ ق تېلېۋىزىيە خەۋەرلىرى

ياۋروپا پارلامېنتى جىددىي قارارنامە ماقۇللاپ، خىتاينىڭ ئادەم ئىچكى ئەزالىرىنى كۆچۈرۈش ۋە يۆتكەپ سېتىش سودىسىنى تەنقىد قىلغان، شۇنداقلا ئۇنىڭ پارس قولتۇقىدىكى مۇسۇلمان ئەرەب دۆلەتلىرى بىلەن بولغان ئۇيغۇر "هالال" ئىچكى ئەزا سودىسىدىن ئەندىشە قىلىۋاتقانلىقىنى بىلدۈرگەن.

مەزكۇر قارارنامىدە ياۋروپا ئىتتىپاقىغا ئەزا دۆلەتلەرنىڭ پارس قولتۇقىدىكى مۇسۇلمان دۆلەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋەتتە خىتاينىڭ ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرىدىن ئالغان "هالال" ئادەم ئىچكى ئەزالىرىنى سېتىش ئۈچۈن بۇ دۆلەتلەرگە ئېلان بېرىش مەسىلىسىنى سۆزلىشىشنى تەلەپ قىلغان.




قارارنامىدە، ئۇزۇن يىللاردىن بېرى فالۇنگوچىلار بۇ قورقۇنۇچلۇق قىلمىشنىڭ قۇربانى بولۇپ كەلگەنلىكى، هازىر باشقا مىللەتلەر ۋە دىنىي گۇرۇپپىلارنىڭ بۇ قىسمەتكە دۇچار بولۇۋاتقانلىقى ئەسكەرتىلىپ، خىتاينىڭ بۇ قىلمىشىنىڭ "ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايەت تەشكىل قىلىدىغانلىقى" تەكىتلەنگەن. قارارنامىدە يەنە ياۋروپا ئىتتىپاقى ۋە ئۇنىڭغا ئەزا دۆلەتلەرنىڭ ھەر قېتىملىق كىشىلىك ھوقۇق دىيالوگلىرىدا ئىچكى ئەزا كۆچۈرۈش مەسىلىسىنى ئوتتۇرىغا قويۇشى تەلەپ قىلىنغان. ئۇنىڭدا يەنە زورۇر تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، ئىچكى ئەزا كۆچۈرۈش ساياھىتىنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ب د ت كىشىلىك ھوقۇق ئالىي كومىسسارى باچېلېتنىڭ خىتاي زىيارىتىنى قارشى ئېلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇنىڭ بۇ زىيارەت جەريانىدا خىتايدىكى ئىچكى ئەزا كۆچۈرۈشنى تەكشۈرۈشى تەلەپ قىلىنغان.

قارارنامىدە تەلەپ قىلىنىشىچە، ياۋروپا ئىتتىپاقى ۋە ئۇنىڭغا ئەزا دۆلەتلەر ـ 3دۆلەت بىلەن بولغان مۇناسىۋەتتە، بولۇپمۇ پارس قولتۇقىدىكى دۆلەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋەتتە، خىتاي ئىچكى ئەزا كۆچۈرۈش مەركەزلىرىنىڭ خىتايدىكى ئۇيغۇر ۋە باشقا مۇسۇلمان ئاز سانلىق مىللەتلەردىن ئالغان "هالال ئىچكى ئەزالىرى" غا ئائىت سودا ئېلانلىرىنى سۆزلىشىشى كېرەك ئىكەن. قارارنامىدە يەنە "خىتاي دائىرىلىرىنىڭ ب د ت كىشىلىك ھوقۇق ئالىي كومىسسارى ۋە ب د ت كىشىلىك ھوقۇق كېڭىشىنىڭ تولۇق ھوقۇقلۇق ئالاھىدە تەكشۈرگۈچىلىرىنىڭ شەرقىي تۈركىستاننى ئۇچۇق، توسالغۇسىز ۋە ئەھمىيەتلىك زىيارەت قىلىشىغا ئىجازەت بېرىش، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ بۇ مەسىلىدە ب د ت ئورگانلىرى بىلەن ھەمكارلىشىشنى تەلەپ قىلىش، ب د ت كىشىلىك ھوقۇق كېڭىشى مەجبۇرىي ئىچكى ئەزا كۆچۈرۈشنى ئاساسلىق مەسىلە قاتارىدا بىر تەرەپ قىلىش كېرەك،" دېيىلگەن.

دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى ۋە ياۋروپادىكى ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرى 13 ـ ماي كۈنى جەنۋەدىكى ب د ت بىناسى ئالدىدا زور كۆلەملىك بىرلەشمە نامايىش ئۆتكۈزۈشكە هازىرلىنىۋاتقان بىر پەيتتە ياۋروپا بىرلىكى تەرىپىدىن ئېلىنغان يۇقارقى قارار ئۇيغۇر ۋە كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتلىرىنى ئالاھىدە مەمنۇن قىلدى.

DUQ.TV




بۇندىن ئىككى يىل بۇرۇن دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ تەشەببۇسى بىلەن قۇرۇلغان ۋە هازىرغا قەدەر 45 دۆلەتتىكى 415 خەلقئارالىق تەشكىلاتنىڭ قوللىشىغا ئېرىشكەن "ئۇيغۇر مەجبۇرىي ئەمگىكىنى ئاخىرلاشتۇرۇش بىرلەشمىسى" نىڭ ۋەكىللىرى تۇنجى قېتىم 9 ـ ماي كۈنى ياۋروپا ئىتتىپاقىنىڭ مەركىزى بولغان بېلگىيە پايتەختى بىريۇسسېلدا يۈزتۇرانە ئۇچرىشىپ، ياۋروپا پارلامېنتىدا "ئۇيغۇر مەجبۇرىي ئەمگىكىنى ئاخىرلاشتۇرۇش" دېگەن تېمىدا 3 كۈنلۈك پائالىيەت ئېلىپ باردى.

دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى، ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق قۇرۇلۇشى، ئۇيغۇر ھەرىكىتى تەشكىلاتى ۋە ئامېرىكا ئۇيغۇر بىرلەشمىسى قاتارلىق 4 ئۇيغۇر تەشكىلاتى "ئۇيغۇر مەجبۇرىي ئەمگىكىنى ئاخىرلاشتۇرۇش بىرلەشمىسى" نىڭ ئاساسلىق قۇرغۇچى تەشكىلاتلىرى بولۇپ، مەزكۇر بىرلىك قۇرۇلغاندىن بۇيان دۇنيا سەھنىلىرىدە ئۇيغۇر مەجبۇرى ئەمگىكىگە قارشى ئاكتىپ پائالىيەت ئېلىپ باردى.

10 ـ ماي كۈنى مەزكۇر بىرلىكنىڭ ئەزالىرى دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى بىريۇسسېل ئىشخانىسىنىڭ دىرېكتورى كوئەن ستوئوپ ئەپەندىمنىڭ رىياسەتچىلىكىدە ياۋروپا پارلامېنتىدا ئۇيغۇر مەجبۇرىي ئەمگىكىگە قارشى تۇرۇش ئاساسىي مەزمۇن قىلىنغان "كارخانىلارنىڭ جاۋابكارلىقىنى سۈرۈشتۈرۈش: خەلقئارانىڭ خىتايدىكى مەجبۇرىي ئەمگەككە قارىتا ئىنكاسىنى باھالاش" دېگەن تېمىدا دوكلات تەقدىم قىلىش يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى، يىغىندا خىتاي تۈرمىسىدىكى ئۆكتىچى ئۇيغۇر زىيالىيسى، 2019 ـ يىللىق "ساخاروف مۇكاپاتى" نىڭ ساھىبى ئىلھام توختىنىڭ قىزى جەۋھەر ئىلھاممۇ دوكلات تەقدىم قىلدى.

بىريۇسسېلدە ئېلىپ بېرىلغان بۇ 3 كۈنلۈك پائالىيەتكە 40 قا يېقىن خەلقئارالىق تەشكىلاتنىڭ ۋەكىللىرى ھەم قانۇنچىلاردىن سىرت، ئۇيغۇرلاردىن مەركىزى ۋاشىنگتوندىكى ئۇيغۇر ھەرىكىتى تەشكىلاتىنىڭ دىرېكتورى روشەن ئابباس، قۇرۇلتاينىڭ پروگرامما يېتەكچىسى زۇمرەتئاي ئۇيغۇر ۋە قۇرۇلتاي لوندون ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى رەھىمە مەھمۇت، ئامېرىكا ئۇيغۇر بىرلەشمىسىنىڭ باش كاتىپى ئەلفىدار ئىلتەبىر، ئىلھام توختىنىڭ قىزى جەۋھەر ئىلھام، نورۋېگىيە ئۇيغۇر كومىتېتى خادىمى مۇئەتتەر ئەلقۇت قاتارلىقلارمۇ قاتنىشىپ ئۇيغۇر ۋەزىيىتى ھەققىدە دوكلات تەقدىم قىلىشتى.

بېلگىيە ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى ئابدۇللام ئىمرۇۋ ۋە مەزكۇر تەشكىلاتنىڭ بەزى ھەيئەت ئەزالىرىمۇ يۇقارقى پائالىيەتكە ئىشتىراك قىلدى.

بۇ قېتىمقى 3 كۈنلۈك پائالىيەتنىڭ ئاساسلىق مەقسەتلىرىدىن بىرى ياۋروپالىقلارغا ئۇستۇڭدىكى كىيىملەردە ئۇيغۇرنىڭ قېنى بار، دېگەننى بىلدۈرۈش ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ مەجبۇرىي ئەمگىكىدىن نەپكە ئېرىشىۋاتقان ياۋروپا شىركەتلىرىنى «ئۆز مەنپىي ئېتىك ئۈچۈن قولۇڭنى ئۇيغۇرلارنىڭ قېنى بىلەن بۇلغىما» دەپ، ئۇلارنى يەنە بىر قېتىم ئاگاھلاندۇرۇشتىن ئىبارەت.

ئۇندىن باشقا يەنە ئامېرىكىدا ماقۇللانغان ئۇيغۇر مەجبۇرىي ئەمگىكىگە قارشى قانۇنلارنى قانداق قىلغاندا ياۋروپا دۆلەتلىرىگە كېڭەيتىش ۋە مەجبۇرىي ئەمگەك بىلەن ئالاقىسى بولغان شىركەتلەرنى قانداق جازالاش مەسىلىسىمۇ بۇ قېتىمقى يىغىننىڭ ئاساسلىق مەزمۇنى قىلىندى.

DUQ.TV

يېقىندا ۋاشىنگتوندا ئۆتكۈزۈلگەن < ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايەت، ئىرقىي قىرغىنچىلىق، ئىقتىسادىي جىنايەت، ھوقۇق ۋە مەسئۇلىيەت، خەلقئارا تەرتىپ > دېگەن تېمىدىكى تور مۇھاكىمە يىغىنىدا ئۇيغۇر ئىرقىي قىرغىنچىلىقى مەسىلىسى ئاساسلىق مۇزاكىرە تېمىلىرىنىڭ بىرى بولدى.

گەرچە بۇ يىغىندا رۇس ئەسكەرلىرىنىڭ ئۇكرائىنادا ئېلىپ بارغان ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتى ئاساسلىق تېما قىلىنغان بولسىمۇ خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارغا يۈرگۈزۈپ كېلىۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىقىمۇ تىلغا ئېلىنغان.

لوندون ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ قانۇن پروفېسسورى، خارۋارد قانۇن ئىنستىتۇتىنىڭ زىيارەتچى مۇتەخەسسىسى فىلىپ سەندس (پھىلىپپە ساندس) ئىرقىي قىرغىنچىلىققا ئېنىقلىما بېرىپ مۇنداق دېگەن:

"ئىرقىي قىرغىنچىلىق دېگەن شۇ قاتىللارنىڭ غەرىزى ۋە قوللانغان ئۇسۇللىرىنىڭ قەبىھلىكى سوتچىلارنى قايىل قىلالايدىغان ئەڭ ئېغىر جىنايەتتۇر. ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىنى بېكىتىش ئۈچۈن قاتىللارنىڭ ئاساسلىق غەرىزىگە قاراش كېرەك، يەنى ئۇ قاتىللار پۈتۈن بىر توپ خەلقنىڭ ھەممىسىنى ياكى بىر قىسمىنى ئۆلتۈرۈپ يوق قىلىشنى كۆزلىگەن بولۇشى كېرەك. ئەگەر جىنايى ئىشلار سوتچىسى بۇ قەبىھ نىيەتنى ئىسپاتلاپ بېرەلمىسە، سوتمۇ ئۇنى ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتى دەپ بېكىتەلمەيدۇ. ھەر بىر ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىنىڭ ھەممىسى ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايەتتۇر، ھالبۇكى، ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايەتنىڭ ھەممىسى ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىگە ئايلىنىدۇ".

ئۇ يەنە خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇرلارغا يۈرگۈزۈپ كەلگەن ئىرقىي قىرغىنچىلىقىنى تىلغا ئېلىپ مۇنداق دېگەن: "بۈگۈنكى كۈندە ئىرقىي قىرغىنچىلىق ھەققىدىكى خەۋەرلەر خېلى كۆپ چىقىۋاتىدۇ. مەسىلەن، رۋھەنگادىكى ئىرقىي قىرغىنچىلىق ۋەقەسى، خىتايدىكى ئۇيغۇر ئىرقىي قىرغىنچىلىقى ۋەقەسى، ئۇيغۇرلارنىڭ بېشىغا كەلگەن بۇ پاجىئەلەرنى نىمە دەپ بېكىتىشتىن قەتئىينەزەر، ئۇ ھەقىقەتەن ئىرقىي قىرغىنچىلىققا ئوخشاش قورقۇنچلۇق ۋەقەلەردۇر".

ئۇ ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىگە قارشى تۇرۇشتا خەلقئارا نىزام، خەلقئارا سوت ۋە قانۇننىڭ مۇھىملىقىنى تەكىتلەپ مۇنداق دېگەن: "بىرەر تۈزۈم ۋە سىستېما بولمىغان يەردە خەلقئارا قانۇنمۇ بولمايدۇ. تارىخىي تەرەققىيات داۋامىدا بىز يېڭى قائىدىلەرنى تۈزۈشىمىز، ھازىرقى قائىدىلەرنى ئىجرا قىلىش بىلەن بىرگە باشقىلارنىڭ ساداسىغىمۇ قۇلاق سېلىشىمىز كېرەك".

جورجىيا ئۇنىۋېرسىتېتى قانۇن ئىنستىتۇتىنىڭ خەلقئارا قانۇن پروفېسسورى دىيانى مارى ئامان (دىئانە مارىئە ئامانن) ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىنىڭ ياش ـ ئۆسمۈرلەر ۋە باللارغا ئېغىر پسىخىك زەربە بېرىدىغانلىقى ۋە ئۇلارنىڭ روھىدا ساقايماس جاراھەت پەيدا قىلىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئۇ يەنە ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىگە قارشى تۇرۇشتا خەلقئارا ھەمكارلىقنىڭ تولىمۇ زۆرۈر ئىكەنلىكىنى، ئىرقىي قىرغىنچىلىققا ئائىت پاكىتلارنى توپلاش، بۇ پاكىتلارنى ھەمبەھىرلەش ۋە ئۈچۈر ئالماشتۇرۇشنىڭ مۇھىملىقىنى تەكىتلىگەن.

DUQ.TV

ئەركىن ئاسىيا رادىئوسى ئۇيغۇر بۆلۈمىنىڭ تېلېفون زىيارەتلىرى ۋە ئىجتىمائىي تاراتقۇلاردىن مەلۇم بولۇشىچە، ب د ت تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى شەرقىي تۈركىستانغا يېتىپ بېرىشنىڭ ئالدىدا تۈزۈلگەن يېڭى بىخەتەرلىك تەدبىرلىرى ئارىسىدا، "تەربىيەلەش"، يەنى لاگېرلار ھەققىدە ھېچقانداق ئېغىز ئاچماسلىق ۋە تېلېفونلىرىنى چەتئەلدىن تېلېفون ئۇرۇلمايدىغان قىلىپ تەڭشەپ قويۇش تۈزۈمى يولغا قويۇلغان.



دائىرىلەر ئاساسىي قاتلاملاردىكى خادىم ۋە ئاھالىلەرگە، ب د ت تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىۋاتقان مەزگىلدە قالايمىقان گەپ قىلىپ قېلىشتىن ساقلىنىش ھەققىدە ئالاھىدە ئۇقتۇرۇش قىلغان. ئۇقتۇرۇش سىياسىي ئۆگىنىش يىغىنلىرى ۋە ھۆججەت ـ ـ ماتېرىياللار ئارقىلىق يەتكۈزۈلگەن. ئۇقتۇرۇشتىكى مەزمۇنلارنىڭ بىرىدە، "تەربىيەلەش" يەنى لاگېرلار ھەققىدە ئېغىز ئاچماسلىق تەلەپ قىلىنغان: گەپ قىلىشقا توغرا كەلگەندە، تۇرمۇشنىڭ ياخشىلىقى، ھاياتنىڭ نورماللىقى قاتارلىق ئىجابىي ئەھۋاللارنىلا تىلغا ئېلىش ئەسكەرتىلگەن.

ئىلگىرىمۇ شەرقىي تۈركىستاندا دۆلەت مەخپىيەتلىكىنى چىڭ ساقلاش ھەققىدە كۆپ قېتىملاپ ئۇقتۇرۇشلار تارقىتىلغان؛ ئۇقتۇرۇشلاردىن بىرىدە، لاگېرلارنى دۇنيادىن سىر تۇتۇش ھەققىدىمۇ مەخسۇس ئاگاھلاندۇرۇلغان. مەلۇم بولۇشىچە، بۇ قېتىمقىسى پەقەت، ب د ت تەكشۈرۈشى بىلەن ئالاقىدار بولۇپ، دائىرىلەر، ب د ت كىشىلىك ھوقۇق ئالىي كومىسسارى مىشېل باچېلېت خانىمنىڭ شەرقىي تۈركىستاننى زىيارەت قىلىشى داۋامىدا، ھەقىقىي ئەھۋالنىڭ بىلىنىپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا ھەرىكەت قىلغان.

دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى ۋە تىبەت، خوڭكوڭ تەشكىلاتلىرىنىڭ ۋەكىللىرى 2 ـ ماي كۈنى ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنى ئۆتكۈزۈپ، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى كىشىلىك ھوقۇق ئالىي كومىسسارى مىشېل باچېلېتنى خىتاينى زىيارەت قىلىشنى كېچىكتۈرۈشكە چاقىرغان ۋە زىيارەتتىن بۇرۇن بىدت كىشىلىك ھوقۇق كېڭىشىنىڭ ئۇيغۇرلار ھەققىدە ئۆتكەن يىلى هازىرلاپ بولغان دوكلاتنى ئېلان قىلىشنى ۋە ئۇيغۇر ۋەكىللىرى بىلەن ئۇچرىشىش ئېلىپ بەرىشنى تېلەپ قىلغان ئىدى.

DUQ.TV

(Ахири. Беши 6-бәттә)

Риясәтчи:

- Бүгүнки мәшрәпниң сазәндә - нахшичилири: Әркин Садиқов, Рәпкәт Юсүпов, Таир Хатбақиев, Сиражидин Ушуров, Алимжан Розиев, Шөһрәт Якупов вә Инамжан Ушуровлар һозуруңларда.

Һөрмәтлик мәшрәп әһли, бүгүнки бизниң мәшрипимизгә Қазақстандила әмәс, Оттура Асиядә тонулған сазәндә, Алмута шәһиридики уйғур театриниң «Нава» ансамблиниң артисти Марат Норузов башчилиғидики бир группа сазәндиләр қатнишиватиду. Меһманларни чавақлар билән қарши алайли.

Нөвәттә мәшрәп жигитбешиниң рухсәт бериши билән мәшрәп башланди. Мәшрәптә Қирғизстанда тонулған вә хәлиқ ансамбли дәп нам алған «Интизар» сәньәт групписиниң әзалири уйғур миллий саз-нахшилирини орунлап бәрди.





Пашшапбеги:

- Нөвәттә конкурс вә оюнлар-



Руни Стенберг

ни башлаймиз. Конкурста, Полат Анваров билән Алияр Қасимовлар Лутпулла Мутәллипниң «Жилларға жавап», Жүръәт Рузиев Лутпулла Мутәллипниң «Ана тилим», Ильшат Хатбакиев Хелил Һәмраевниң «Лутунға» шеирини оқуди.

Уларға соғатлар берилди.

Шаир Мәһәммәтжан Ясин Лутпулла Мутәллипниң «Хиялчан тиләк», «Пәрият» шеирлирини, өзиниң Лутпулла Мутәллипкә беғишлап язған «Шаир һәққидә» шеирини оқуди. Усман Турди Лутпулла Мутәллипниң «Зухра жаним», Алимжан Розиев Лутпулла Мутәллипкә беғишланған «Салам Лутпулла» нахшилирини ейтип бәрди.

Шаир Муһәммәтжан Ясинға, Усман Турдиға вә Алимжан Розиевларға уйғур доппилири кийгүзилди.

Пашшапбеги Алмутидин кәлгән сазәндиларни саз челип беришкә тәклип қилди. Марат Норузов башлиқ сәньәтчиләр уйғур хәлқиниң саз- нахшиларни ижра қилди.



Пашшапбеги:

Һөрмәтлик оттуз оғул мәшрәп әһли, бүгүн бизниң мәшрипимизгә Алмутидин меһманлар келип олтуриду. Улар: хәлиқаралиқ «Тиничлиқ аләми» бирләшмисиниң вице-президенти, профессор Турсун Разиев, хәлиқаралиқ «Тиничлиқ аләми» бирләшмисиниң йенидики милләтләр Иттипақи бөлүминиң рәиси Азтекин Ибрагимовларни сөзгә тәклип қилимиз.

Турсун Арзиев өз сөзидә, Қазақстанниң Алмута шәһиридә «Тиничлиқ аләми» бирләшмисиниң қурулғанлиғиға 16 жил болғанлиғини, әнә шу бирләшмә Қирғизстан уйғурлири «Иттипақ» жәмийитиниң паалийитини қоллаш вә буниңдин кейин һәмкарлиқта биллә ишләш мәхситидә бүгүнки мәшрәп мурасимиға қатнишиватқанлиғини, «Тиничлиқ аләми» бирләшмиси Бирләшкән дөләтләр тәшкилати, Адәм һоқуқини қоғдаш комитетиға қарайдиғанлиғини, бирләшмидә Қазақстан бойичә 7500 мәктәп, 1500 колледж, 34000 муәллим, униң ичидә 62 уйғур мәктәп улар мәктәп оқуғучилириниң илмий әмгәклири вә ижадийәтлири билән шуғуллинидиғанлиғини, мошу жиллар ичидә шаир Илья Бәхтияниң 85 жиллиғини, Хелил Һәмраевниң 90 жиллиғини, Йүсүп Хас һажип Баласағунийниң 1000 жиллиқ мәрикилирини өткәзгәнлигини, мошу жили сентябрь ейидин башлап Қазақстандики 62 уйғур мәктивидә вәтәнпәрвәр шаир Лутпулла Мутәллипниң 100 жиллиғини өткүзидиғанлиғини тәкитләп өтти. У сөзиниң ахирида, «Тиничлиқ аләми» бирләшмисиниң Қирғизстан уйғурлири «Иттипақ» жәмийитидә актив хизмәт қиливатқан кишиләргә «Тиничлиқ аләми» берләшмиси тәрипидин алаһидә тәйярлиған тәшәккүрнамә вә Лутпулла Мутәллипниң фотосүрити чүшүрүлгән значокларни Әскәр Қасимиға, Сидиқжан Юсүпходжиевқа, Ғәйрәт Жаһановқа, Әркин Велямовқа, Розимуһәммәт Абдулбақиевқа, Әркин Садиқовқа, Муһәммәтжан Ясинға, Абдурәхим Һапизиға, Дильмурат Әкбәровқа вә Пәрһат Ушуровларға тапшурди. У йәнә Қирғизстан уйғурлири «Иттипақ» жәмийитиниң қурулишиға рәһбәрлик қилған, «Иттипақ» вә «Виждан авази» гезитлирини тәсис қилғучи Музәппәрхан Қурбанни вә Қирғизстан уйғурлири «Иттипақ» жәмийитидә, «Иттипақ» гезитидә узун жиллар муһәррир болуп ишлигән вә бу жил 80 яшқа толған Әкбәржан Бавдунни «Тиничлиқ аләми» бирләшмисиниң алтун медали билән мукапатлиди.









Нөвәттә сөзгә чиққан Азтекин Ибрагимов өз сөзидә уйғур хәлқи өз ичидин чиққан қәһриман оғул-қизлирини һечқачан унутмайдиғанлиғини, бүгүнки Лутпулла Мутәллипниң туғулғанлиғиниң 100 жиллиғиға беғишланған бу мурасимниң буниңға очуқ мисал болидиғанлиғини, һәрқандақ киши өз хәлқиниң тарихини билиши керәклигини, йеқинда тарихчи Нәбижан Турсунниң «Уйғур умумий тарихи» китавиниң Алмутида нәширдин чиққанлиғини, у китапниң һәр-бир уйғур аилисидә болушқа тегишлик екәнлигини тәкитләп өтти.

Шундақла, мәшрәп жәриянида Қирғизстанда тонулған нахшичилиримиз Инамжан Ушуров, Алимжан Розиев, Шухрәт Якуплар өзлириниң йеқимлиқ нахшилири билән мәшрәп кечисини қизитип бәрди.

Мәшрәптә йәнә Даниядин кәлгән меһман Руни Стенберг (уйғурчә исми - Йүсүпжан) сөз елип, Уйғуристанда Хитай һакимийити мәшрәпләрни чәкләп, миллионлиған уйғурларни лагерларға солап, қийнап, өлтүрүп, ирқий қирғинчилиқ жүргүзиватқанлиғини әсләп өкүнди вә чәт мәмликәтләрдә яшаватқан уйғурлар өзлириниң урп-адәтлирини йоқатмай, мәшрәплирини давамлаштуриватқанлиғиға хошал болуп, уйғурчә нахшиларни ейтип бәрди.






Мәшрәп қаидиси бойичә, гүл чай оюни болуши керәк еди, лекин вақитниң қислиғидин гүл чай оюни болмай қалди.

Мәшрәпниң дәва - дәстүридә мәшрәпкә кечикип кәлгән бир нәччә мәшрәп әзалири



сотқа тартилип, уларға жәриманлар селинди.

Нөвәттә келәрки мәшрәпни өткүзүп беришни илтимас қилип, бир нәччә киши мәшрәп беги билән қазибегиниң алдиға (ордиға) киришти. Мәшрәпбеги билән қазибәгләр мәслиһәтлишип, Ново-покровка йезисиниң жигитбеши Ғәйрәт Жаһановқа келәрки мәшрәпни өткүзүп беришкә рухсәт бәрди.

Мәшрәпниң ахирида сөзгә чиққан «Иттипақ» жәмийитиниң рәиси Әскәр Қасими бүгүнки мәшрәпниң наһайити көңүллүк өткәнлигини ейтип, саипханларға өзиниң миннәтдарлиғини билдүрди.

***ӘКБӘРЖАН БАВДУН,***
пәләсәпә пәнлириниң
намзити
**АБДУРӘХИМ ҺАПИЗИНИҢ**
ФОТОСҮРӘТЛИРИ

# ПРОШЕЛ МЕЖДУНАРОДНЫЙ ТУРНИР ПО САМБО

6-7 мая этого года прошёл очередной международный турнир по самбо в г Бишкек. Соревнования проходили в зале спортивного клуба «Динамо». Данный международный турнир, посвящённый героям - уйгурам Советского Союза в Великой Отечественной войне: Сульхи Лутфуллину, Дадашу Бабаджанову и Масиму Якубову.

***Краткая информация об этих героях Советского Союза.***

***Сульхи Лутфуллин (1923—1991)*** *— младший лейтенант Советской Армии, участник Великой Отечественной войны, Герой Советского Союза. С.Лутфулин родился в 1923 году в Жаркенте. До войны жил в Узген, откуда и был призван в армию. После войны он жил и трудился в г. Андижан.*

*Сульхи прославил себя бесстрашием и героизмом в борьбе с фашистскими захватчиками. Где бы ни довелось ему сражаться, везде он проявлял образцы мужества и беззаветной преданности Родине. Командир орудия 493-го истребительно-противотанкового артиллерийского полка, старший сержант С.Лутфулин особенно отличился в боях при форсировании Вислы и Одера*



**Сульхи Лутфуллин**



**Дадаш Бабаджанов**



**Масим Якубов**

***Дадаш Бабаджанов*** *(1922—1985), родился в 1922 году в селе Узун-Агач Жамбылского района Алматинской области. В июле 1941 года призван в ряды Красной Армии и вскоре попал на фронт. Участвовал в боях на Западном и 4-м Украинском фронтах. В мае 1944 года в составе 1369-го стрелкового полка 417-й Сивашской стрелковой дивизии проявил подлинный героизм при штурме Сапун-горы, одним из первых водрузил на ее вершине красный флаг. 24 марта 1945 года Д.Бабаджанову присвоено звание Героя Советского Союза*




***Масим Якубов (1914-1974),*** *родился в 1914 году в селе Таштыкара Семиреченской области Российской империи (ныне село Амангельды, Енбекшиказахский район, Алматинская область, Казахстан)* *Призван в ряды Красной Армии в январе 1941 года. Сражался в составе 240-й стрелковой дивизии, В конце сентября 1943 года советские войска на широком фронте вышли к Днепру. В числе первых была дивизия, в которой служил старшина М.Якубов. Предстояло форсировать широкую реку и захватить плацдарм. Противник, закрепившийся на правом берегу Днепра, держал русло реки под методичным артиллерийским и минометным огнем. За доблесть и мужество, проявленные при форсировании Днепра, Указом Президиума Верховного Совета СССР от 13 ноября 1943 года старшине М.Якубову было присвоено звание Героя Советского Союза.*





Данный турнир проходит с 2016 года. Организаторами турнира являются Общественное объединение уйгуров «Иттипак» КР., Благотворительный фонд «Ильшат», а также тренеры Федерации самбо КР. В 2020-2021 годах из-за пандемии «Covid-19» не были проведены соревнования по самбо. В турнире участвовали спортсмены спортивных клубов г.Бишкек, спортсмены из городов Кара-Балта, Токмок и Токтогул. Также в турнире участвовали самбисты из г.Чунджа Уйгурского района Алматинской области (Казахстан): Даниил Гайнидинов и Артем Абджелиев (тренер Равиль Сабирджанов).

Спортсмены соревновались во всех весовых категориях (начиная с 42-х кг. по 88 кг.) В торжественной церемонии открытия данного международного турнира приняли участие: председатель Общества уйгуров «Иттипак» КР Аскар Касымов, генеральный жигитбеши Общества уйгуров «Иттипак» КР Сыдыкжан Юсупходжиев, бывший президент федерации самбо КР Нурлан Токтоноев и тренер Федерации самбо КР Нурмат Абдрахманов ( он с 2000 года на тренерской работе, окончил Академию физической культуры и спорта). Среди победителей и призёров данного международного турнира оказались самбисты из г. Чунджа Даниил Гайнидинов - 1 -е место (весовая категория 71 кг), Артем Абджелиев - 3 - е место (весовая категория 53 кг).

Мы от всей души поздравляем Гайнидинова Даниила, Абджелиева Артёма и тренера этих спортсменов Сабирджанова Равиля с блестящими успехами на данном турнире и желаем им дальнейших спортивных достижений во имя казахстанского спорта.

Мы признательны организаторам этого спортивного турнира - Обществу уйгуров «Иттипак» КР, Благотворительному фонду «Ильшат» и тренерам Федерации самбо КР за прекрасно проведённый турнир, посвящённый героям-уйгурам Советского Союза, а также мы желаем больших, дальнейших успехов в деле проведения будущих спортивных мероприятий.

***АБДУРАХИМ ХАПИЗОВ.***
***ФОТО АВТОРА***

# КЕҢӘШ УЙҒУРЛИРИНИҢ УЛУҚ ВӘТӘН УРУШИДИКИ ҒАЛИБИЙӘТКӘ ҚОШҚАН ҮЛҮШИ

«Қазақстан хәлқиниң Улуқ вәтән урушидики ғалибийәткә қошқан улуши» мавзусида ZOOM суписи арқилиқ, хәлиқ ара учришиш өткүзүлди. Бир ейтарлиқ нәрсә, һазирқи вақитта Қазақстанда Улуқ Вәтән уруши жиллирида қан кечип, бүгүнки течлиқ өмурни тәғдим қилған мәйданчилиримиз билән қатар, арқа сәптә әмгәк қилғанларни мәңгү ядимизда сақлашниң әһмийити чоң, көрнәклик ишлар һәр қачан жүргүзүлүп туриду. Бүгүнки вә келәчәк урпақ ата-бовилиримизниң фашист Германияниң басқунчилиқ соқушиға қарши Кеңәш дөлити тәркивидә әрлик билән урушқинини һеч қачан унтимишимиз зөрүрдур. Бу тоғрисида президентимиз Қасым - Жомарт Кемел оғли Тоқаевма оз сөзлиридә талай ейтип кәлмәктә. Шу җүмлидин, Хәлқимиз өз тарихини әстә сақлап, шундақла ата - бовилиримизниң өз Вәтинини қандақ сақлиғинини билип өссә, яш урпақлиримиз ветеранларға өзгичә ғәмхор көрситишни дайим сақлиса, Қазақстанниң келәчиги һәр қачан сақлиниду - дәп ейткини бар. Қазақстан хәлқиниң Улуқ Вәтән урушидики ғалибийәткә қошқан үлүши алаһидә көрнәкликтур вә чоңдур. Мошу жуқурида ейтилған мавзу даирисидә, 2021-жилниң 28-май, саат 14.00 - дин – 16.30 - ғичә Қазақстан хәлқи Ассамблеяси «Қазақстан уйғурлириниң җумһурийәтлик этномәдәнийәт мәркизи» җәмийәтлик бирләшмиси, «Қазақстан уйғурлириниң җумһурийәтлик этномәдәнийәт мәркизи» җәмийәтлик бирләшмисиниң Алмута шәһәрлик шөбиси, Қазақстан уйғур яшлар бирлиги, ҚУЖЭМ йенидики Алимлар кеңиши билән Маарип кеңишиниң уйумлаштуришида «Қазақстан хәлқиниң Улуқ Вәтән урушидики ғалибийәткә қошқан үлүши» мавзусида ZOOM суписи арқилиқ, хәлиқ ара учришиш өткүзүлди. Учрушишта 30дин артуқ қатнашқучилар болди. Учрушишта биология пәнлириниң доктори, профессор, Қазақстан Җумһурийити Йеза егилиги пәнләр академиясиниң академиги, Россия тәбиәтшунаслиқ академиясиниң академиги, Россия йемәклик бехәтәрлиги миллий академиясиниң академиги, «Қазақстан уйғурлириниң җумһурийәтлик этномәдәнийәт мәркизи» ЖБ Алимлар кеңишиниң рәиси вә Башқарма әзаси Веләмов Мәсимжан Турсуноғли риясәтчи болди. Учрушушқа Қазақстан хәлқи Ассамблеяси «Қазақстан уйғурлириниң җумһурийәтлик этномәдәнийәт мәркизи» җәмийәтлик бирләшмисидин әрбаплар, алимлар, магистрлар, оқутқучилар, язғучилар вә һәр хил җәмийәтлик тәшкилатлар вәкиллири қатнашти. Шу җүмлидин, Қазақстан Җумһурийити Парламенти Мәҗлисиниң 6-чақирилим депутати, Қазақстан хәлқи Ассамблеяси кеңишиниң әзаси, «Қазақстан уйғурлириниң җумһурийәтлик этномәдәнийәт мәркизи» ниң ЖБниң рәиси шәриқшунас – Нурумов Шаһимәрдан Үсәйин оғли; «Уйғур авази» җумһурийәтлик иҗтимаий - сәясий гезитиниң баш муһәррири, Қазақстан хәлқи Ассамблеясиниң әзаси, «Қазақстан уйғурлириниң җумһурийәтлик этномәдәнийәт мәркизиниң» муавин рәиси – Әсмәтов Ершат Моллахун оғли; Қазақстан хәлқи Ассамблеясиниң вә униң кеңишиниң әзаси, «Қазақстан уйғурлириниң җумһурийәтлик этномәдәнийәт мәркизиниң тәркивидики Алий кеңишиниң рәиси, Қазақстан уйғурлириниң җумһурийәтлик этномәдәнийәт мәркизиниң вә униң Алмута шәһәрлик шөбисиниң рәислириниң биринчи орунбасари, җумһурийәтлик Уйғур этномәдәнийәт мәркизи йенидики Жигит башлири кеңишиниң рәиси, «MetallProm Group» ширкитиниң Баш мудири – Абдулхелил Долқунтай; Қирғизстандин Қирғизистан уйғурлири «Иттипақ җәмийити рәисиниң орунбасари», «Иттипақ» гезитиниң баш муһәрририниң орунбасари, философия пәнлириниң




намзити Әкбәржан Бавдун Абдурешит оғли; Өзбәкстандин, Ташкәнт, шәһәрлик уйғур мәдәнийәт мәркизиниң рәиси Зайитов Алимжан; «Қазақстан уйғурлириниң җумһурийәтлик этномәдәнийәт мәркизи» ЖБ йенидики Маарип кеңишиниң рәиси Ильяров Шерипжан Турғаноғли; Қазақстан Уйғур яшлар бирлигиниң рәиси, Қазақстан хәлқи Ассамблеясиниң әзаси, «Қазақстан уйғурлириниң җумһурийәтлик этномәдәнийәт мәркизи» ЖБ-ниң Башқарма әзаси Хәйриев Рустәм Абдусаламоғли; «Улуқ Вәтән урушидики ғалибийәткә үлүш қошқан қазақстанлиқлар» мавзусида доклади билән Баратов Мариз Сонуроғли; Җумһурийәтлик «Ветеранлар кеңиши» җәмийәтлик бирләшмисиниң әзаси, Улуқ Вәтән уруши жиллири из-тизсиз жүтүп кәткәнләрни издәштүрүш вә уларниң исмини әдәбийләштүрүш Хәлиқаралиқ җәмийәтлик кеңишиниң Қазақстандики вәкили, Алмута вилайити, Әмгәкчиқазақ наһийәси, Абай намидики оттура мәктәпниң мудири, Хәлиқаралиқ кеңәшниң әзаси Сағабек Беккожа Бөрибайулы «Улуқ Вәтән урушидики ғалибийәткә төһпә қошқан қазақстанлиқлар» намлиқ доклади билән; шаир, мустәқил «Илһам» мукапитиниң саһиби, Қазақстан язғучилар Иттипақиниң әзаси, Җумһурийәтлик «Мөлдүр булақ» журналиниң баш муһәррири Дәулетбек Байтурсын оғли; «Волоколам таш йоли» романи ромадики қазақстанлиқларниң әрлиги» доклади билән; Бишкек дөләт университетиниң чоң оқутқучиси, сәясәтшунаслиқ пәнлириниң магистри, тарихчи Абдурәһим Һапизи «Улуқ Вәтән урушиға қатнашқан қирғизстанлиқ уйғурлар» мавзусида доклади билән; «Өзбәк хәлқиниң Улуқ Вәтән урушидики ғалибийәткә қошқан үлүши» мавзулуқ доклади билән журналист Курбанова Гүлбаһар Нариманқизи (Өзбәкстан); Ташкәнт шәһири, Сергели түмән Уйғур мәдәнийәт мәркизиниң паал иштиракчиси, миллий мәдәнийитимизниң җанкөйәри, «Тил – милләтниң ачқучи» намлиқ онлайн топидики устаз «Иккинчи җаһан урушида фронт арқисида туруп күрәш елип барған анилиримиз вә пәрзәнтләр һәққидә» мавзусида доклади билән Нәсирдинова Иззәтбуви Әмирдинқизи; Абай намидики ҚазМПУ Шәриқ филологияси вә тәрҗимә кафедрисиниң чоң оқутқучиси, «Улуқ Вәтән урушида ғалибийәткә үлүш қошқан қазақстанлиқлар мәңгү ядлинар» мавзусида доклади билән ф.п.н. Баратова Шаирәм Бағдатқизи; Алмута вилайити, Әмгәкчиқазақ наһийәси, Челәк йезисиниң П.Вихрев намидики оттура мәктәпниң тарих вә география пәнлириниң муәллими Мавлюдә Сима Айдыновналар қатнашти. Учрушуш интайин мәнәвий вә әһмийити тәрәптин алаһидә жуқури дәрижидә өткүзүлди.

***МӘСИМЖАН ВЕЛЯМОВ,***
*Қазақстан уйғурлириниң җумһурийәтлик этномәдәнийәт мәркизи җәмийәт бирләшмиси, алимлар кеңишиниң рәиси*

# 2 ـ نۆۋەتلىك شەرقىي تۈركىستان مىللىي كېڭەشى يىغىنى مۇۋاپپەقىيەتلىك ئاخىرلاشتى

ئۈچ كۈن داۋاملاشقان ئىككىنچى نۆۋەتلىك شەرقىي تۈركىستان مىللىي كېڭەشىدە نۆۋەتتىكى مۇھىم مەسىلىلەر توغرىسىدا مۇھىم مۇزاكىرىلەر ئېلىپ بېرىلىپ، خىتاپنامە ماقۇللاندى.

8 ماددىدىن تەركىب تاپقان مەزكۇر خىتاپنامىدە نۇقتىلىق ھالدا خەلقئارالىق چوڭ تەشكىلاتلار ۋە ھەر قايسى دۆلەتلەرنىڭ شەرقىي تۈركىستان مۇستەقىللىق كۆرىشىدە ئۇيغۇرلارنىڭ يېنىدا تۇرۇشى ۋە قوللاپ ـ قۇۋۋەتلىشى تەلەپ قىلىنغان. دولقۇن ئەيسا ئەپەندى مەزكۇر كېڭەشنىڭ يېپىلىش مۇراسىمىدا قىلغان نۇتقىدا، بۇ قېتىمقى كېڭەشنى شەرقىي تۈركىستان دەۋاسىدىكى زور بۇرۇلۇش دېيىشكە بولىدىغانلىقىنى تەكىتلىدى.

كېڭەشنىڭ يېپىلىش مۇراسىمىدا مەزكۇر خىتاپنامىنى دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى قانۇن كومىتېتىنىڭ رەئىسى مەمەت توختى ئەپەندى ئوقۇپ ئۆتتى. ئۇ مۇنداق دېدى: «بۇ قېتىمقى مىللىي كېڭەش، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى كىشىلىك ھوقۇق ئالىي كومىسسارىنىڭ ئۆزۈندىن بۇيان كېچىكتۈرۈلگەن شەرقىي تۈركىستان زىيارىتى ۋە خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندا يۈرگۈزۈۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىقىنى ئاشكارىلىغان ‹ساقچى ھۆججەتلىرى› دۇنياغا ئايان بولغان بىر پەيتكە توغرا كەلدى. بۇ قېتىمقى مىللىي كېڭەش، شەرقىي تۈركىستان مىللىي مۇستەقىللىقىنىڭ شەرقىي تۈركىستان دەۋاسىنىڭ تۈپ نىشانى ئىكەنلىكىدەك تەۋرەنمەس پرىنسىپى ئىكەنلىكىنى يەنە بىر قېتىم جاكارلايدۇ؛ خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى قانۇنسىز ئىشغالىنىڭ قۇرۇلغۇسى شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئۆلنى ۋە شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ مىللىي مەۋجۇتلۇغىنى پۈتۈنلەي يوق قىلىشنى مەقسەت قىلغان سىستېمىلىق مۇستەملىكىلەشتۈرۈش سىياستى ئىكەنلىگىنى ئېلان قىلىدۇ. نۆۋەتتە داۋاملىشىۋاتقان ئۇيغۇر، قازاق قاتارلىق شەرقىي تۈركىستانلىقلارنىڭ ئەسلى ئىگىلىرىگە قارىتىلغان ئىرقىي قىرغىنچىلىق ۋە ھەر تۈرلۈك قەبىھ قىلمىشلارنىڭ شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئىگىلىرىنى مۇنقەرزلەشتۈرۈش ۋە مۇستەملىكىلەشتۈرۈش باسقۇچىنى تاماملاش ئارقىلىق شەرقىي تۈركىستاننىڭ تامامەن خىتايلاشتۇرۇلۇۋاتقانلىقىنى ئاگاھلاندۇرىدۇ، شۇنداقلا دۇنيادىكى ھەر قايسى دۆلەتلەرنىڭ ھۆكۈمەتلىرىنى ‹ئۇيغۇر ئىرقىي قىرغىنچىلىقى› نى قوبۇل قىلغان قارارلارنى ماقۇللاشقا چاقىرىدۇ.»

خىتاپنامىدە يەنە مۇنۇلار تەكىتلەنگەن: «مىللىي كېڭەش، شەرقىي تۈركىستاندا داۋاملىشىۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىق ۋە باشقا ۋەھشىي جىنايەتلەر تېخىچە داۋام قىلىۋاتسا، سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە دىپلوماتىيەلىك جەھەتلەردىن خىتاي بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى دەپ ھەققانىيەتتىن ئۇزاق تۇرۇۋاتقان، ھەتتا مەۋجۇت رېياللىقنى كۆرمەسكە سېلىپ خىتاي بىلەن ھەمكارلىق قىلىۋاتقان تۈرك ئىسلام دۇنياسىنىڭ بۇ مەسىلىدە باش تارتىپ بولمايدىغان مەسئۇلىيىتىنىڭ بارلىقىنى ئەسكەرتىدۇ؛ بۇ خىل بىپەرۋالىقنىڭ داۋاملىشىۋەرمەسلىكى كېرەكلىكىنى تەكىتلەيدۇ؛ شەرقىي تۈركىستاندىكى مىللىي قىرغىنچىلىقنىڭ قانداقتۇر ئامېرىكا باشلىق غەرب ئەللىرىنىڭ ‹ئىستراتېگىيەلىك ۋە سىياسەتلىك ئويۇنى› ئەمەسلىكىنى، يوق قىلىنىۋاتقانلارنىڭ، قىرىلىۋاتقانلارنىڭ ۋە جازا لاگېرلىرىدا يېتىۋاتقان مىليونلارچە كىشىنىڭ شەرقىي تۈركىستانلىق مۇسۇلمان خەلقلەر ئىكەنلىكىنى، شەرقىي تۈركىستاندا ۋەيران بولۇۋاتقان ۋە چېقىۋېتىلگەن 16 مىڭدىن كۆپ مەسچىت بىلەن كۆيدۈرۈۋېتىلگەن «قۇرئان كەرىم» ۋە باشقا ئىسلامىي ئەسەرلەرنىڭ پۈتۈن دۇنيا مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئورتاق قىممەتلىرى ئىكەنلىكىنى تەكىتلەيدۇ؛ تۈرك ئىسلام دۇنياسىنى بۇ زۇلۇمغا قارشى سەزگۈر بولۇشقا چاقىرىدۇ.»

مەمەت توختى ئەپەندى «مىيۇنخېن خىتاپنامىسى» نى ئوقۇپ ئۆتكەندىن كېيىن، د ئۇ ق رەئىسى دولقۇن ئەيسا ئەپەندى خۇلاسە سۆزى سۆزلەپ، شەرقىي تۈركىستان مىللىي كېڭەشىنىڭ شەرقىي تۈركىستان دەۋاسىدىكى دەۋر بۆلگۈچ ھەم بۇرۇلۇش خاراكتېرلىق يىغىن بولغانلىقىنى تەكىتلىدى. ئۇ مۇنداق دېدى: «مىللىي ئازاتلىق كۈرىشىنىڭ ئالدىمىزدىكى ئىستراتېگىيەلىرى ۋە كونكرېت قەدەم باسقۇچلىرى مۇزاكىرە قىلىندى. ئەڭ ئاخىرقى مەقسىتىمىزنىڭ شەرقىي تۈركىستاننىڭ مۇستەقىللىقى ۋە ئىگىلىك ھوقۇقىنى قايتىدىن قولغا ئېلىشتىن ئىبارەت ئىكەنلىگى كەسكىن ئىپادىلەر بىلەن قايتا تەكىتلەندى. بۇ غايىمىزگە يېتىش ئۈچۈن ۋە نۆۋەتتە قىلىشىمىز زۆرۈر بولغان قەدەم ـ باسقۇچلار مۇزاكىرە قىلىندى. مىللىي كېڭەشتە يەنە خەلقئارادا ئېلىپ بېرىلىدىغان دىپلوماتىيەلىك كۈرەش ئۇسۇللىرىمىز مۇزاكىرە قىلىندى. خەلقئارالىق شىركەتلەرگە قارىتا ئېلىپ بارىدىغان كۆرەشلىرىمىزنىڭ ئىستراتېگىيەلىرى مۇلاھىزە قىلىندى. ئۆز خەلقىگە ۋە تەشكىلاتلىرىمىزغا چۈشكەن ۋەزىپىلەر مۇھاكىمە قىلىندى. تەشكىلاتلىرىمىزنى ۋە مىللىي دەۋالىرىمىزنى كۈچلەندۈرۈشىمىز ئۈچۈن زۆرۈر بولغان ئىقتىسادىي مەنبە يارىتىش، بۇ قېتىمقى مىللىي كېڭىشىمىزنىڭ ئەڭ ئاساسلىق كۈنتەرتىپلىرىدىن بىرى بولدى. ئوچۇق ئاشكارا ۋە كۆڭۈل ئازادىلىغى ئىچىدە شەرقىي تۈركىستان مىللىي ئازادلىغىمىزنى قولغا كەلتۈرۈشىمىز ئۈچۈن زۆرۈر بولغان بارلىق چارە ـ تەدبىرلەر بۇ قېتىملىق مىللىي كېڭىشىمىزدە مۇزاكىرە قىلىندى. بۇنىڭغا ئاساسەن، خەلقئارالىق چوڭ تەشكىلاتلارنى، ھەر قايسى دۆلەتلەرنى بىزنىڭ مۇستەقىللىق كۆرۈشىمىزنىڭ يېنىدا تۇرۇشىنى، قوللاپ ـ قۇۋۋەتلىشىنى تەلەپ قىلدۇق ھەم بۇ خىتاپنامىنى ئېلان قىلدۇق. بۇ قېتىم چاقىرىلغان شەرقىي تۈركىستان مىللىي كېڭىشىنى شەرقىي تۈركىستان دەۋاسىدىكى بىر بۇرۇلۇش دەپ قاراشقا بولىدۇ.»

بۇ يىغىننىڭ كۈنتەرتىپىنى تەييارلىغان دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ سىياسىي خىزمەتلەرگە مەسئۇل مۇئاۋىن رەئىسى دوكتور ئەركىن ئەكرەم ئەپەندى، كېڭەشنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۆتكەنلىكىنى تەكىتلىدى.

شۋېتسارىيە شەرقىي تۈركىستان جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى ئەندىلى قاراخان ئەپەندىمۇ بۇ قېتىملىق شەرقىي تۈركىستان مىللىي كېڭەشىنىڭ مىللىي دەۋا ئۈچۈن پايدىلىق قارارلارنى ئالغانلىقىنى ئىلگىرى سۈردى.

لاگېر شاھىدى گۈلباھار خاتىۋاجى خانىم، بۇ قېتىملىق كېڭەشتە جازا لاگېرلىرىنى تاقاش ئۈچۈن كۈرەش قىلىش توغرىلىق مۇھىم تېمىنىڭ ئالاھىدە تەكىتلەنگەنلىگىدىن خوش بولغانلىقىنى بىلدۈردى.

25 ـ مايدىن 29 ـ مايغىچە گېرمانىيەنىڭ مىيۇنخېن شەھرىدە ئۆتكۈزۈلگەن ئىككىنچى نۆۋەتلىك شەرقىي تۈركىستان مىللىي كېڭەشگە 20 دۆلەتتىكى 70 تەك شەرقىي تۈركىستان ئاممىۋى تەشكىلاتىغا ۋاكالىتەن 200 ئەتراپىدا ۋەكىل قاتناشتى.

ئەركىن تارىم
2022 ـ 05 ـ 31





# Тарихчи Нәбиҗан Турсун билән учришиш

Кейинки вақитларда Оттура Асияниң, болупму Қазақстан, Қирғизстан вә Өзбәкстан җумһурийәтлиридә яшаватқан уйғурларниң өз ара мәдәний алақилириниң қоюқлишиватқанлиғи байқалмақта. Бу Совет Иттипақи ғулиғандин кейин Оттура Асия уйғурлириниң һаятида йүз бериватқан муһим һадисиләрниң бири екәнлиги илгири сүрүлмәктә. Йеқинда, йәни 30 апрелда уйғур дияри тарихи бойичә илмий әмгәклири көпчиликкә тонулған, атақлиқ тарихчи Нәбиҗан Турсунниң һаяти вә илмий паалийитигә беғишланған паалийәт шуниң йәнә бир дәлилидур. Қирғизстан уйғурлириниң «Иттипақ» җәмийити, Өзбәкстанниң Ташкәнт шәһәрлик уйғур мәдәнийәт мәркизи вә Қазақстанниң «Мир» нәшриятлар өйи тәрипидин уюштурулған бу паалийәт тарих пәнлириниң доктори Нәбиҗан Турсунниң «Алим билән иҗадий учришиш» мавзусидики тор арқилиқ хәлиқара илмий-әмәлий учришиши дәп аталди.

Бу илмий әнҗуманниң риясәтчиси, Қирғизстан уйғурлириниң «Иттипақ» җәмийәтлик бирләшмиси рәисиниң орунбасари, пәлсәпә пәнлириниң намзат доктори Әкбәрҗан Бавдунов жиғинниң асасий мәқсити вә вәзипилирини чүшәндүрди. У мәзкур паалийәткә Қазақстан, Қирғизстан, Өзбәкстан, Россия, Туркия, АҚШ, Австралия, Германия, Япония қатарлиқ чәт әлләр алимлириниң қатнишиш билән өтидиғанлиғини оттуриға қоюп, униң қатнашқучилириға муваппәқийәтләр тилиди.

Жиғинда баш доклад билән сөзгә чиққан, тарих пәнлириниң доктори, мустәқил тәтқиқатчи Нәбиҗан Турсун өз өмриниң, көп жиллиқ илмий паалийитиниң ана юрти билән чәмбәрчас бағланғанлиғини оттуриға қоюп, мундақ деди: «Өзимизниң миллитимизгә, вәтинимизгә, юртимизға болған тарих сөйгүси мана мошу юртниң тарихи билән башланған. Йәнә келип, мениң тунҗа тарих устазлирим: бу мениң анам, вә болупму өзи тарихчи болған һәм көп мақалә язған дадам. Демәк, мән тарихни өйдин башлидим. Мән 90-жили, Шинҗаң университетида ишләватқан вақтимда, Совет Иттипақи мәвжут вақтида Совет Иттипақи пәнләр академиясиниң Шәрқшунаслиқ институтиниң аспирантурисиға оқушқа кирдим. Мана мошу институтта мән җәми йәттә жил оқудум. Мошу йәрдә 1995-жили тарих бойичә PJD унванини елип, андин докторантуриға кирип, 1997-жили Қирғизстанға келип, Қирғизстан Дөләт университетиниң Уйғур филологияси факултетида дәрис бәрдим.

Мән илмий паалийитимни вәтәндә башлиған болсамму, академиялик асаслиқ илмий һаятим Москвада башланди. Мениң устазим Дмитрий Васильев. У шәрқшунаслиқ институти, тарих бөлүминиң башлиғи вә Россия шәрқшунаслар җәмийитиниң рәиси еди. Кейин мән АҚШға келип, инглиз тилини үгинип, мошу йәрдики Джеймс Хопкин университетиниң «Шинҗаң тәтқиқат лайиһәси» дегән чоң лайиһәгә қатнишип, 18 америкилиқ алимлар билән бирликтә «Шинҗаң – Хитайниң ғәрбидики мусулманларниң чегара зимини» дегән темидики чоң бир китапни яздуқ. Униңда Америкиниң әң даңлиқ алимлири бар. Бу китапниң хәлиқара илим саһәсидики вә сәясий тәсири наһайити чоң. 2018-жили «Уйғур җамаити, җуғрапияси, кимлиги» дегән темида йәнә бир чоң китап чиқти. Бунинда, уйғур милләтпәрвәрлик идеологиясигә аит бир бапни мән яздим. Шуниңға охшаш Москвада 1997-1998-жиллири мениң икки монографийәм чиққан. Бирси Дмитрий Васильев өзи кириш сөз йезип бәргән «Хитай тарихшунаслиғида уйғурларниң сәясий тарих мәсилиси», йәнә бирси «Хитай тарихшунаслиғида уйғурларниң этногенез мәсилиси» дегән монография. Бу монографийәгә Қирғизстан пәнләр академиясиниң академиги, мәшһур пәлсәпә Әзиз Исаҗан оғли Нарин-баев кириш сөз йезип бәргән еди».






Өткән әсирниң 90-жиллириниң башлиридин тартип Нәбиҗан Турсун билән һәм кәсипдаш, һәм йеқин арилишип, дост болуп кәлгән «Туран» университетиниң профессори, тарих пәнлириниң доктори, Оттура Асияни тәтқиқ қилиш бойичә Европа җәмийитиниң президенти, Индиана университетиниң стажер-тәтқиқатчиси Абләт Камалов өзлириниң илмий рәһбәрлири Дмитрий Васильев билән Сергей Кляшторнийларниңму бир-бири билән йеқиндин арилашқан атақлиқ түркшунас алимлар болғанлиғини тәкитләп өтти.

«Уйғурларниң йеңи заман тарихиға қошулған чоң үлүш» мавзусида доклад билән сөзгә чиққан тарихчи, сәясәтшунаслиқ пәнлириниң магистри, Бишкәк Дөләт университетиниң чоң оқутқучиси Абдурәхим Һапизи, Вашингтон университетиниң профессори, доктор Пәрһат Билгин; Әнқәрә университети тарих вә җуғрапийә факултетиниң мудири Әркин Әмәт; тарих пәнлириниң намзити, Россия пәнләр академияси Шәрқшунаслиқ институтиниң чоң илмий хадими Александр Васильев; Әбу-Рәйһан Беруни намидики Ташкәнт Шәрқшунаслиқ институти, Мәркизий Асия бөлүминиң башлиғи, тарих пәнлириниң доктори, профессор Абләт Хоҗаев; Алмута шәһири, Мурат Һәмраев намидики 150-оттура мәктәпниң уйғур әдәбияти пәни муәллими, филология пәнлириниң намзити Һакимҗан Һәмраев; Алмута вилайити, Уйғур наһийәсиниң Түгмән оттура мәктивиниң уйғур тили вә әдәбияти пәни муәллими Хәйринса Иминовалар, шундақла, тәбрик сөз билән минбәргә чиққан Қазақстан хәлқи Ассамблеясиниң әзаси, Қазақстан уйғурлириниң җумһурийәтлик этно-мәдәнийәт мәркизи рәисиниң орунбасари, җумһурийәтлик «Уйғур авази» иҗтимаий-сәясий гезитиниң баш муһәррири Ершат Әсмәтов; «Мир» нәшрият өйиниң» мудири Әлишир Хәлилов; Қирғизстан уйғурлириниң «Иттипақ» җәмийәтлик бирләшмисиниң рәиси Әскәр Қасими; Өзбәкстан Ташкәнт шәһәрлик уйғур мәдәнийәт мәркизиниң рәиси Алимҗан Заитов; шуниңдәк алимлар, язғучилар, тиҗарәтчиләр вә башқилар Нәбиҗан Турсунниң илмий паалийити һәққидә өзлириниң пикирлири билән ортақлашти.

Жиғин ахирида Қазақстан уйғурлириниң җумһурийәтлик этно-мәдәнийәт мәркизи йенидики Алимлар кеңишиниң рәиси, биология пәнлириниң доктори, академик Мәсимҗан Вилямов мәзкур жиғинниң наһайити мәзмунлуқ өткәнлигини тәкитләп, келәчәктә бу хилдики паалийәтләрниң техиму зич алақидә вә давамлиқ елип берилишиға үмүт қилди.

Мәлум болушичә, Нәбиҗан Турсунниң «Уйғур умумий тарихи» китавиниң 1944-1949-жиллардики Шәрқий Түркистан җумһурийити вә уйғур дияри тарихиға аит 7-томи йеқинда «Мир» нәшрияти өйи тәрипидин кирил йезиғида нәширдин чиққан. Һәҗими 35 басма тавақка йеқин бу китап 500 нусқа билән йоруқ көрүп, уни нәшир қилишқа бир қатар сахавәтлик шәхсләр һамийлик қилған.

**РӘХМӘТҖАН ЙҮСУПОВ,**
филология пәнлириниң намзити

# كۆرەشچان يىللارنىڭ باتۇر كۈيچىسى



ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تارىخىي سەھىپىسىدە مۇناسىپ ئورۇن ئالغان، خەلقىمىزنىڭ مۇنەۋۋەر پەرزەنتلىرىنىڭ بىرى، يالقۇنلۇق ۋەتەنپەرۋەر شائىرىمىز لۇتپۇللا مۇتەللىپتۇر.

لۇتپۇللا مۇتەللىپ 1922-يىلى، قازاقىستاننىڭ ئۇيغۇر ناھىيەسىنىڭ چوڭ ئاقسۇ يېزىسىدا دۇنياغا كەلگەن. 1930-يىلى ئاتا-ئانىسى بىلەن ئۇيغۇرىستاننىڭ ئىلى ۋىلايىتىنىڭ نىلقا شەھرىگە كۆچۈپ كەلگەن.

لۇتپۇللا مۇتەللىپ 1933-1936-يىللىرى غۇلجا شەھرىدىكى تاتار باشلانغۇچ مەكتىۋىدە، 1936-1939-يىللىرى رۇس گىمنازىيە مەكتىۋىدە، 1939-1942-يىللىرى ئۈرۈمچىدىكى شىنجاڭ پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىدا بىلىم ئالغان. ئىنستىتۇتنى تاماملاپ، ئۈرۈمچى «شىنجاڭ گېزىتىدە» ئىشلىگەن. شۇ چاغدىكى شىنجاڭنىڭ گۇبېرناتورى شىڭ شىسەي 1942-يىلى سوۋېت ئىتتىپاقىدىن يۈز ئۆرۈپ، نۇرغۇنلىغان زىيالىيلارنى «سوۋېتپەرەس» دەپ تۈرمىلەرگە سېلىپ، قىيناپ ئۆلتۈرۈپ ۋە بەزىلىرىنى باشقا شەھەرلەرگە سۈرگۈن قىلدى. شۇلار قاتارىدا لۇتپۇللا مۇتەللىپمۇ 1943-يىلى ئاقسۇ شەھرىگە سۈرگۈن قىلىندى.

لۇتپۇللا مۇتەللىپ ئاقسۇ گېزىتخانىسىدا ۋە ئاقسۇ شەھەرلىك تىياتىردا ئىشلىدى. 1944-يىلى، ئوكتەبىردە غۇلجا شەھرىدە گومىنداڭ ھۆكۈمىتىگە قارشى مىللىي ئىنقىلاپ بولۇپ، شۇ يىلى 12-نويابىر كۈنى ئۈچ ۋىلايەتتە شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلدى. بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان لۇتپۇللا مۇتەللىپ ئۆزىگە ئوخشاش ۋەتەنپەرۋەر ياشلارنى ئۇيۇشتۇرۇپ «شەرقىي تۈركىستان ئۇچقۇنلار ئىتتىپاقى» مەخپىي تەشكىلاتىنى قۇردى. تەشكىلاتنىڭ مەقسىتى - خەلقنى گومىنداڭ ھۆكۈمىتىگە قارشى ئىنقىلاپقا سەپەرۋەر قىلىپ، ئاقسۇ شەھرىنى ئازات قىلىش ئىدى. بىراق، تەشكىلات ئىچىگە كىرىۋالغان خائىنلار تۈپەيلى تەشكىلاتنىڭ بارلىق ئەزالىرى تۈرمىگە قامالدى. لۇتپۇللا باشلىق تەشكىلاتنىڭ بارلىق ئەزالىرى 1945-يىلى، 18-سېنتەبىر كۈنى گومىنداڭچىلار تەرىپىدىن تۈرمىدە قەتل قىلىندى.

لۇتپۇللا مۇتەللىپ 23 يىل ھايات كەچۈرۈپ، بىزگە كۆپ قىرلىق ئەدەبىي سوپىتىدە تونۇلدى. ئۇ شائىر، دراماتۇرگ، يازغۇچى، ژۇرنالىست، پۇبلىتسىست، ئەدەبىياتشۇناس بولۇش بىلەن بىرگە، ئارتىست ۋە رېژىسسوردۇر. ئۇنىڭ يازغان ئەسەرلىرى ئۇيغۇر تىلىدىن باشقا قازاق، قىرغىز، ئۆزبەك، تاتار، خىتاي، رۇس، تۈرك ۋە باشقا تىللارغا تەرجىمە قىلىنغان.

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ۋەتەنپەرۋەر شائىرى، گومىنداڭ ھاكىمىيىتىگە قارشى ئىنقىلاۋىي ھەرىكەتنىڭ تەشكىلاتچىسى، «شەرقىي تۈركىستان ئۇچقۇنلار ئىتتىپاقى» تەشكىلاتىنىڭ رەھبىرى لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ تۇغۇلغىنىغا موشۇ يىلى 100 يىل تولدى. بىز موشۇ مۇناسىۋەت بىلەن شائىر لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ بىر تۈركۈم شېئىرلىرىنى گېزىت ئوقۇغۇچىلارغا ھاۋالە قىلىۋاتىمىز.

رېداكسىيە

## يىللارغا جاۋاپ

ۋاقىت ئالدىراڭغۇ. ساقلاپ تۇرمايدۇ،
يىللار شۇ ۋاقىتنىڭ ئەڭ چوڭ يورغىسى.
ئاققان سۇلار، ئاتقان تاڭلار قايتىلانمايدۇ،
يورغا يىللار ئۆمۈرنىڭ يامان ئوغرىسى.

ئوغۇرلاپ قاچىدۇ ئارقىغا يانماي،
بىر-بىرىنى قوغلىشىپ يورغىلىشىپ.
ياشلىق بېغىدا بۇلبۇللار قانات قاقماي،
يوپۇرماقلار قۇيۇلىدۇ، پولىشىپ.

ياشلىق ئادەمنىڭ زىلۋا بىر چېچىكى،
تولىمۇ قىسقا ئۇنىڭ ئۆمۈرى بىراق.
يىرتىلسا كالېندارنىڭ بىر ۋارىقى،
ياشلىق گۈلىدىن تۆكۈلىدۇ بىر يوپۇرماق.

يىللار شاملى يەلپۈنىدۇ، ئىزلار كۆمۈلىدۇ،
يوپۇرماقسىز ياغاچ بىچارە بولىدۇ قاقشال...
يىللار سىخى، قۇرۇق كەلمەيدۇ، ئەپكېلىپ بېرىدۇ،
قىزلارغا قورۇق، ئەرلەرگە ساقال.

بىراق، يىللارنى تىللاش توغرا كەلمەيدۇ،
مەيلى ئۆتتۈەرسۇن ئۆزىنىڭ يولى...
ئادەملەرمۇ ۋاقىتنى قولدىن بەرمەيدۇ،
چۆللەرنى بوستان قىلغان ئادەملەر قولى.

يىللارنىڭ قوينى كەڭ، پۈرستى نۇرغۇن،
تاغدەك ئىشلار يىللار بىلەن ئۆرە تۇرىدۇ.
قاراپ باق، ئاخشامقى بوۋاق، كىچىككىنە تۇرسۇن،
تۈنۈگۈن ئۆمۈلەپ، ھە... بۈگۈن مېڭىپ يۈرىدۇ.

كۆرەشچان باللار قوغلىشىپ يىللار،
كۆرەش نەۋرىلىرنى چوقۇم تاپىدۇ.
ئاخشام بەخت ئۈچۈن قۇربان بولغانلار،
قەۋرىسىنى يادلاپ گۈللەر ياپىدۇ.

مەيلى، ساقال سوغا قىلسا قىلسۇن يىللار،
مەنمۇ تاۋلىنىمەن يىللار قوينىدا.
ئىجادىم — شېئىرىمنىڭ، ئىز تامغىسى بار،
ئالدىمدىن قېچىپ ئۆتكەن ھەر يىل بوينىدا.

---

قېرىماسمەن كۆرەشنىڭ كەسكىن چېغىدا،
شېئىرىم يۇلتۇز بولۇپ يانار ئالدىمدا.
ئۆلۈم پەستە قېلىش، كۆرەشنىڭ داۋانلىق تېغىدا،
چىدام — غەيرەتنىڭ يەڭگىنى ھەر دەم يادىمدا.

ئېسىلارمەن مىلتىق ئېتىپ تاۋلانغان قولغا،
يېپىشارمەن بايراق بىلەن ئالغا ئاتلىغان يولغا.
كۆرەش باياۋانىدا ھارماسمەن ئەسلا،
يېڭىش بىلەن كېلىپ چىقمىز كەڭ غالىپ يولغا.

يىللار، مەيدەڭنى تۇتۇپ قاقاقلاپ كۈلمە،
ئالدىڭدا قىزىرىشتىن ئارتۇق كۆرىمەن ئۆلۈمنى.
قېرىتىمەن دەپ ئارتۇق، كۆڭۈل بۆلمە،
ئاخىرقى جەڭگە ئاتاپ قويارمەن ئوغلىمنى.

يىللار دېڭىزى دولقۇنلۇق بولساڭمۇ،
ئۈپقۇنلىرىڭنى يارىدۇ بىزنىڭ قاراپ.
يىلنىڭ ئۆتۈشى بىلەن قورقىتىپ باقساڭمۇ،
ئىجات يىللارنى قېرىتىدۇ، دەپ بېرىمىز جاۋاپ!

ئاقسۇ، 1944.

## پەريات

بۇ مېنىڭ غەملىك كۆڭلۈم بولۇرمېكىن بىر كۈن شات،
غەم تاغلىرىدىن ئۈچۈپ، بولارمەنمۇ مەن ئازات.

يا ھەمىشەم قىينىلىپ زۇلۇم ئوتىدا كۆيۈپ،
كۈننىڭ سېرىغىن كۆرمەي، بولارمەنمۇ مەن بەربات.

ۋاقىتسىز غازاڭ، بولغان، باغلار چۆلگە ئايلانغان،
كۆڭۈلدىكى بۇ بوستان بولارمۇ يېنىپ ئاۋات.

بورانلاردا ئۈچماقتا مېنىڭ جان ئەمگەكلىرىم،
دەۋرىدە ئىناۋەت يوق، كۈن-تۈن قىلىمەن پەريات.

ئاقسۇ، 1945.

---

بۇ كەڭ جاھان مەن ئۈچۈن —
بولدى دەۋزەخ.
ياش گۈلۈمنى غازاڭ، قىلدى —
قانخور ئەبلەخ.

---

## ياشلىق، ئۆگەن!

ياشلىق، تىرىش-تىرماش ھارماي ئۆگەن،
ئىلىمنىڭ دېڭىزى قاينام ھەم چوڭقۇر.
نادانلىق ئۇ، ھەممىنى بىلدىم دېگەن،
كۆرۈپ... ۋاراقلاپلا بىر قۇر.

ئىلىم — مۆجىزىلەرنىڭ سىرىن ئاچقۇچى،
بىر كۈن ياشاش ئۈچۈن ئوقى ئون يىل!
كۆزلا ئەمەس ئالدىڭغا نۇر چاچقۇچى،
قاراڭغۇنى يورۇتىدۇ يورۇق دىل!

ھەر بىر ھادىسە يوشۇرۇن سىر ساقلايدۇ،
توقۇلمىلىرى ئۇنىڭ ئەجايىپ.
ئىلىم ھارماس، مەرت ئادەمنى ياقلايدۇ،
نادانىنىڭ كۆزىدىن ئۇ ھەر قاچان غايىپ.

راھىپ بول، ئىلىمنىڭ نازاكەت چۆلىدە،
مۆجىزىلەر گۈمبىزىگە «شەيىخ».
كۈن-تۈن زىكرى قىل شۇلار تۈۋىدە،
ئىجتىھات سېنى دېگۈزمەس دەرىخ.

ئادەم بالىسى پارقىراق، كىر قونماس ئېسىل،
ھەممىدىن ئۆتكۈر ئۇنىڭ مېڭىسى.
باق، ئويلان، ئۇبدان پىكىر قىل،
دەۋرگە ئامراق يېڭىنىڭ يېڭىسى.

ئۆگىنىش سازىغا ماھىر سازەندە،
كۆرگىن، سېرىپ قول چەككىنىنى.
تارغا تىل بەرگەنمۇ شۇ ئاددى بەندە،
تاماشا قىل مۇقاملار يولىن ئەككىنىنى.

قايسى مۇقام، قايسى پەدە باغرىڭ،
قايسى سازەندە دىلىڭگە سۇ بەرگەن؟
قايسى ناخشا پەسلەتكەن زارىڭ
قايسى ناخشا كۆڭلۈڭگە گۈل تەرگەن؟

ئويلىساڭ، ياشلىق، قىسقا سېنىڭ ئۆمرۈڭ،
تاڭدا چېچەكلەپ، گويا كەچتە قۇيۇلىدۇ،
دىماققا خۇشپۇراق چېچىپ گۈللىرىڭ،
كۆز ئېچىپ يۇمغاندەك تۈيۈلىدۇ.

ئەرلەرنى باسسا ساقال-بۇرۇتلار،
قىزلارغىمۇ ئىز سالىدۇ بۆدۈر — قورۇقلار.
پولاشمايدۇ دەرەخلەر ياپ-يېشىل تۇرۇپلا،
يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن يەيدۇ قۇرۇتلار.

ياشلىق — چاقماقسەن، چېقىپ ئۆچسەن،
ئەۋرىشىم چېغىڭ موشۇ، ئۆگەنگىن، ئۆگەن!
قاراڭغۇ دىل چۆلگە بىر كۈن چۈكسەن،
ئادەم بولۇش دۇلدۇلغا سالمىساڭ يۈگەن.

ئۈرۈمچى، 1942.

# УНТУЛМАС КҮНЛӘР

*(29-май вақиәсиниң 60 жиллиғиға даир)*

1962-жили, 29-май, йәкшәмбә күни еди. Җаһанни йорутушқа башлиған қуяш, Аврал тегидин көтүрүлгәнсери, бағу-бостанлиқ Ғулжа шәһиригә алаһидә түс кирип, күндилик турмушниң бекияс савдалири башланған чағ еди. Бағлар ара хәндан уруп сайраватқан булбулларниң муңлуқ авазлири рәңму-рәң қизил гүлләрни ойғутуп, тәбиәтниң гөзәллигидин дәрәк бәргәндәк, һәр тәрәптин аңлинип туратти. Бүгүн бу сәһәрләрниң мундақ пәйзигә көңүл бөлмигән адәмләр, ойчан көрүнгән һалда, Ғулжа шәһәр қатнишиға алдиришатти. Балилиқ чағлиримдин тартип мән әшу қатнаш алдида олтуруп васкичилик қилаттим. Бүгүн йәнә қатнаш алдиға кәлдим. Бу йәрдә 27-28-май күнлири «Қорғас» тәрәптики Совет чегарасини ечивитипту, Советкә өтүп кетимән дәп, бу яқтин барғанларни оруслар яхши күтүвелип, өз йеригә қобул қилидикән» деган гәпләрни аңлиған Ғулжа хәлқи Совет Иттипақиға чиқип кетивататти. Улар қатнашниң Қорғасқа маңидиған үсти очуқ қара машиниларда сәптә турушуп, кочидики адәмләр билән хошлушуп, «хош қериндашлар, биз Советкә маңдуқ» дәп үнлүк вақиришип, айрилиш нидалирини изһарлап, әлвида садалирини кәйнидә қалдуруп, қоллирини шилтиған пети Қорғас тәрәпкә жүрүп кетишәтти. Бүгүн у көрүнүшләр көрүнмәйду. Қорғасқа маңидиған машиниларни тохтутуп қоюпту.

Советкә чиқип кетимиз дәп, бу йәргә кәлгән адәмләр, топлушуп, Қорғасқа маңидиған машина берилсун. «Биз Советкә чиқип кетишни халаймиз» дәп қатнаш ишик дәрвазлирини такилдитип урушатти. Әшундақ Советкә чиқип кетишни арзу қилған Ғулжа хәлқи қатнаш алдида барғансери көпүйүшкә башлиди. Уларниң ана журтини ташлап, Совет елигә чиқип кетиш арманлири өзлигидин әмәс еди. Хели жиллардин буян хәлқимизни сәясий җәһәттин езип, ихтисадий җәһәттин қисип, бепаян журтимизниң саңлири тар келидиған мол ашлиқлиримизни, йәр асти байлиқлиримизни талан-тарач қилип, аддий хәлқимизгә аштамақни грамлап бәрди. Бир бурда наңға қул болған хәлиқ, таш чокуп, әмәлгә ашлиған полат-тавлаш ойманлирида талай апәт һадисиләргә учрап, жапа тартип кәлгән. Әнди ишсизликтин кочиларада тәнтирәп, әркин баяшәт яшашни истәп, Советқә чиқип кетишни арман қилип кәлгән хәлиқ еди. Улар әшу арманлирини ейтип, қатнаш ишик-дерizилирини такилдидатти. Қатнаш хадимлири хәлиқниң тиләклирини рәт қилип турди. Хәлиқниң ғулғули техиму улғайди. Арида Ғулжа шәһәр башлиғи Курманғәли келип хәлиқни басалмай кәтти. Андин бир машинида нәйзилири пақирап турған қураллиқ әскәрләр келип, хәлиқни тарқилип кетиңлар, дәп қорқутушқа башлиди. Бунидин зәрбиси қайниған хәлиқ, қураллиқ әскәрләргә қарши чиқип, чалма-кесәк ейтишқа башлиди. Көпниң бирлигини сәзгән әскәрләр тери-перәң болуп кечишти. Әнди сақчилар ташлап кечип кәткән машининиң үстигә чиққан бир киши хәлиқни өзигә қаритип:

- Халайиқ ким Советкә чиқип кетишни халиса, машининиң кәйнидин меңиңлар. Совет консулханисиға берип әрзилиримизни ейтимиз - дәп машинини өзи һайдап маңди. Хәлиқ түркүми чоң кочиға патмай дегидәк машинини әгишип меңишти. Машининиң кузовиға чиқивалғанлар һаман «Биз Советкә чиқип кетишни халаймиз» дәп кочидикиләргә аңлитип кетип баратти. Кочидики ишсиз жүргән адәмләрму бу қошунға қошулушти. Ғулжа хәлқи консулхана жайлашқан имарәтниң алдиға келип тохташти. Бир чағда галстук тақиған салапәтлик руслар чиқип: «Областин рухсәт кәғәз елиңлар. Биз сизләрни Советқа қобул қилимиз» деган гәпләрни тәржиман арқилиқ уйғурчә ейтишти. Хәлиқ област тәрәпкә қарап маңди. Бу чағда Ғулжа шәһәр областиниң ичиму хәлиқ билән тошқан еди. Бу йәрдиму хәлиқ: «Советқа чиқип кетишқа рухсәт берилсун» дәп, вақиришиватати. Бир чағда қизил тамға бесилған бир варақ кәғәзни тутқан кичи егиз йәргә чиқип:

- Мана қериндашлар, Советқа кетишкә берилгән рухсәт кәғәз. Әнди бу кәғәзни областлиқ партком тәстиқләп беридиған болди, – дәп хәлиқни башлап Обком тәрәпкә меңишти. Улар областлиқ партком идарисиға йетип келишти. Бу чағда егиз төмүр дәрвазиси алдида, бир нәччә еғир жүк машинилар турупту. Өгүз, деризләрдә солдатлар қураллирини бәтләп турғанлиғи көрүнәтти. Әнә шу пәйттә аддий қуралсиз хәлиққә қарши уруш тактикисиниң планлири түзүлүп болған еди. Әнди хәлиқ алданғанлиғиға ишәнди. От апәтлирини өчүрүп, су апәтлирини тосап тохтитиш мумкүн болғини билән, адәм қозғалса тохтатқини болмайду дегини раст охшайду. Бунидин ғәзиви техиму қайниған хәлиқ топи Обкомға һужум қилишқа башлиди. Хәлиқ дәрвазиниң икки тәрипидики яғач решеткиларни сундуруп, Обком ичигә киришкә башлиди. Шу чағда әшу алдин-ала бәтлинип кузәттә турған қураллиқ солдатлар қуралсиз хәлиққә оқ яғдурушқа башлиди. Автомат, милтиқларниң дәхшәтлик үни, ана – балиларниң чир-чар вақирашлири Обком алдида бир дәһшәт һасил қилип, Или шәһиригә аңлинип кәткән еди. Хәлиқ тери-перәң болуп һәр яққа кечишқа башлиди. Решеткиниң ичидә оқ тегип, жан үзиватқанларниң ечинишлик инрашлири аңлинип, талай адәм Обком қорасидила жан үзүп қалған еди. Бир һаздин кейин окниң авази тохтап, жим-житлиқ һөкүм сүргәндә бир чоң кичи мени силкип:

- Маң, көрүк тәрәпкә кач, - деди, буйрук авазда. Мән көрүк тәрәпкә илдам келиватимән. Чоң асфальт йолда велосипед билән қачқан балиға оқ тегип өлүпту. У қанға милинип, көз жумған болсиму, униң велосипединиң алди чеки һаяттин үмүт үзмигәндәк тохтимай пекраватати.



Абдусаллам Ғаппарнин сизған рәсими

Мана бу тарихимизға өчмәс болуп йезилған 29-май қанлиқ вақиәси еди.

Балилиқ пәйтимдә мән буниң баштин – аяқ шаһиди едим. Шуниңдин бери 60 жил өтүп кәтти. Әнди бу қанлиқ вақиә жиракта пилдирлап көйүп, сус көрүнүп турған чирақтәк көринсиму, әнди әшу унтулмас күнләр билән биргә Барин, Ғулжа вә Үрүмчи шәһәрлиридә болған қанлиқ қирғинчилиқларниң пидаси өз йүртида әркин яшап, ана вәтән дияриниң мустәқиллиғини истәп арзу қиливатқан хәлқимниң адакқи арманлириниң яркин ипадиси болса керәк.

*Абдусалам Ғаппар,*
*Тоқмақ шәһири.*



**Муһәммәтжан Ясин**

## Әзизлигин, уларни

Сән әндила чүшәнгәндә һаятни,
Йеқинлириң кетидикән қалмаскә.
Учмақ үчүн кәрмәк болсаң қанатни,
Тәғдир тәйяр сени йәксән әтмәккә.

Қәдирин билмәй қадирдан у атаңниң,
Жүригини зедә қилған сән едиң.
Кирпигигә яш қондуруп анаңниң,
Қалғанда ач сән керилип май йедиң.

Атаң еди саңа йөләк бир өмүр,
Саңа мәдәт, мадар еди, тағ еди.
Саңа талиқ жүригидә лиқ ғурур,
Көңли һәрдәм Баһар еди, бағ еди.

Һаятлиқта қилмай анаң қәдирини,
Чачлириға ақ чүшәргән сән едиң.
Тәң әмәстур чачсаң миң гүл әтрини,
Анаң бәргән меһиргә у бир кетим.

Исит дәймиз әнди, әнә улар йоқ,
Кәлмәйдиғу башни ташқа урғанға.
Әзизлигин, беқивалғин, қилма доқ,
Ата-анаң һазир һаят турғанда!

## *Һаят тәшвиши*

Жанлири қийналди йәнә бир кетим,
Азмиди инсанниң көргән-кәчмиши?
Һәр киши көңлидә әндиш, хиял, ой,
Азаплар тинимсиз һаят тәшвиши.

Сәһәрдә көргиниң ақшими йоқтур,
Әҗәлниң оқлири тәккәч жениға.
Қанчилап шипакар тапалмай амал,
Жан бәрди бемарлар қәлмәй кешиға.

Не есил қиранлар көз жумди, кәтти.
Дилларни һәсрәткә, дәрткә толдуруп,
Жүрәкни миң парә, миң парә әтти,
Һазидар пәрзәнтләр гүлин солдуруп.

Талайлар айрилди сөйгән яридин,
Талайлар жудадур мәшуқидинму.
Мурдилар көмүлди(әтивари йоқ),
Көпләрниң хәвәр ашиқидинму.

Туққандин, достлардин һәзәр әйлидуқ,
Көрүшмәк тәс болди дәккә-дуккидә.
Ағзимиз, бурнимиз ниқапландиғу,
Қорқимиз барму дәп COVID өпкидә.

Таң қалдим, қиямәт қайим шу микин?
Адәмләр биридин-бирлири качқан.
Бу әсна бәзиләр қилди тиҗарәт-
Көпәйсә кесәлләр пулини чачқан!

# ТӘЗИЙӘЛӘР



Йеқинда, 21-май күни филология пәнлириниң намзити, профессор

**РУСТӘМ БАВДИНОВ**

43 йешида вапат болди.

Бавдинов Руфат оғли Рустәм 1979-жили, 5-мартта Алмута вилайити, Әмгәкчиқазақ наһийәсигә қарашлиқ Челәк йезисида туғулған.

1966-жили, С.М. Киров намидики оттура мәктәпни тамамлап, Аль-Фараби намидики Қазақ дөләт университети, филология факультетиниң «Рус тили вә әдәбияти» мутәхәссислиги бойичә магистратурасини, 2003-жили аспирантуриға чүшүп, уни 2005-жили тамамлайду. 2006-жили филология пәнлириниң доктори, профессор Р.А.Авакованиң рәһбәрлигидә «Қәдимий вә һазирқи заман уйғур тилидики йәр егилигиниң тил-мәдәнийәтшунаслиқ саһаси» мавзусида намзатлиқ диссертациясини муваппәқийәтлик һимайә қилиду.

Алимниң илим-пәнгә қизиқиш даириси кәң болуп, у пәқәт уйғур тилшунаслиғиниң муһим мәсилилириниму түгәл қилған. Рустәм Бавдинов Қирғизстан уйғурлири «Иттипақ» җәмийити қурулғининиң 25 жиллиғиға беғишланған 2014-жили, Бишкәк шәһиридә өткүзүлгән Хәлиқара илмий конференциягә актив қатнашқан.

Биз, мошу қайғулуқ мунасивәт билән мәзгилсиз вапат болған мәрһумниң аилисигә, урук-туққанлириға чоңқур қайғуруп тәзийә билдүримиз.

Мәрһумниң ятқан йери җәннәттә болсун.

***Қирғизстан уйғурлириниң «Иттипақ» җәмийити***



Йеқинда ***ҺАЖИҚАРИ ҚИЗИ ҺОШУРХАН ХАНИМ***

94 йешида дуниядин, қайтти.

Һошурхан ханим Уйғуристанниң Атуш шәһири, Вақвақ йезисида 1928-жилида туғулған.

4 йешида ата-аниси билән Ғулжа шәһиригә көчүп кәлгән. Мәктәп йешида Ғулжа билим юртида оқуған. 1944-жили, Шәрқий Түркистанда инқилап қозғалғанда савақдиши Ризвангуль (Һәрәмбағ урушида вапат болған) билән биргә инқилапқа қатнишиду.

Өз пәйтидә у Абдукерим Аббасовниң кативи болуп ишлигән. 1940-жилларниң ахириғә кәлгәндә Һошурхан ханим Ғулжа шәһиридә синақ тәриқидә қурулған радиостанциясидә диктор болуп ишләйду. 1952-жили қурулған Шинжаң хәлиқ радиостанциясидә тунжи диктор болуп 1962-жилиғичә ишләйду.

Һошурхан апимиз 1969-жилидики тутушта түрмигә ташлиниду вә у 11 жил түрмә һаятидин кейин 1980-жили қоюветилиду. Һажиқари қизи Һошурхан ханим уйғур хәлқи ичидин чиққан һәқиқий вәтәнпәрвәр аяллиримизниң бири еди.

Мошу қайғулуқ мунасивәт билән мәрһумәниң аилисигә, урук-туққанлириға чоңқур қайғуруп тәзийә изһар қилимиз.

Мәрһумәниң ятқан йери җәннәттә болсун.

***Қирғизстан уйғурлириниң «Иттипақ» җәмийити***

Чүй вилайити, Иссиқ-Ата наһийәси, Ново-Покровка йезисиниң турғуни

**МӘМӘТ МӘХСУМНИҢ ОҒЛИ БӘХТИЯР**

74 йешида дуниядин кайтти. Мошу қайғулуқ мунасивәт билән мәрһумниң аилисигә, урук-туққанлириға чоңқур қайғуруп тәзийә билдүримиз.

Мәрһумниң ятқан жайи җәннәттә болсун.

***Қирғизстан уйғурлириниң «Иттипақ» җәмийити***

Бишкәк шәһиридики ***Абдуғопур Ахунбаев башчилиғидики оттуз оғул мәшрәп әһли***, шу мәшрәпниң әзаси ***Мәмәт Мәхсум оғли Бәхтиярниң*** вапат болуши мунасивити билән мәрһумниң аилисигә, урук-туққанлириға чоңқур қайғуруп тәзийә билдүриду

***«ТӘҢРИ ТАҒ САДАЛИРИ»***

Уйғур радиоаңлитиши өз паалийитини башлиди.
Бу аңлитишни һәр сейшәнбә күни саат **20:40**та
**«Кыргыз радиосиниң»** FM 106.9 долқунида
аңлисаңлар болиду:
Бишкәк – Чүй - FM 106.9
Талас – FM 107.6
Кара-Буура – FM 103.5
Кара-Кол – FM 103.8
Жалал-Абад – FM 105.9
Каныш-Кыя – FM 104.7
Сулукту – FM 102.5
Иссик-Көл – FM 106.0
Нарын – FM 105.0
Алай – FM 101.7
Чоң Алай – FM 102.5



## ВСЮ СВОЮ ЖИЗНЬ ПОСВЯТИЛА ВЫБРАННОЙ ПРОФЕССИИ

Побывав в гостях у Шарафат чон апа, пообщавшись с ее семьей, понимаешь, что попала в интеллигентную семью, где очень трепетно, аккуратно и с уважением относятся друг-другу члены этой семьи. Пообщавшись с Шарафат чон апа понимаешь, что она опытный и талантливый медик. Газиева Шарафат Таибахуновна родилась 12 мая, 1928 г. в г. Кульджа. Она училась в школе Таалия города Кульджа. После окончания школы проходила медицинские курсы и обучалась точечному массажу и иглорефлексотерапии под руководством Яруллабекова Хакима Джафаровича. После окончания курсов она начинала свою карьеру медика в советской больнице города Кульджи. В 1955 году переехала в Советский Союз, в г. Фрунзе, где продолжила свою работу медицинского работника в родильном доме No1. Она с 1964 года работала в городской клинической больнице (ГКБ) No1 заведующим здрав. пунктом. Проработав 30 лет на одном месте, в октябре 1996 года ушла на заслуженный отдых. Общий стаж ее работы составляет 52 года. После выхода на пенсию продолжала помогать людям, делала точечный массаж. Шарапат чон апа имеет различные награды, грамоты, медали, значки. Один из них, в 1967 году она получила диплом и почетный значок от Союза общества Красного креста и Красного Полумесяца СССР, а 1983 году за долголетний, добросовестный труд от Президиума Верховного Совета СССР Указом Президиума Верховного Совета Киргизской ССР она также награждена медалью «Ветеран труда». Супруг Нурахмят умер в 1955 году в городе Кульдже. Их дети: сын: Рахматджан родился в окопе, во время войны, он был художником. Трагически погиб. Дочь: Газиева-Шахин Мухаббат по профессии врач акушер-гинеколог, 23 года проработала в Городском перинатальном центре (4 род. доме) врачом акушером-гинекологом. Сейчас она работает в частной клинике «Эксперт» врачом акушером-гинекологом. Еще милая и умная внучка Камилла окончила УВК школу-лицей №17 имени А.С.Пушкина г. Бишкек, в 2014 г. окончила КГУСТА имени Н.Исанова,по направлению «Информатика и вычислительная техника»(профессия:инженер-программист).



Шарапат чон апа всю свою жизнь посвятила выбранной профессии и служению людям. От имени редакции газеты «Иттипак» желаем Шарапат чон апа крепкого здоровья, долголетия, благополучия и мирного неба.

**Зумрат Рузиева**

## *Отчетный концерт ансамбля танца «Юлтуз»*



*15 мая 2022 г. состоялся отчетный концерт ансамбля танца «Юлтуз».*

*Отчетный концерт прошел в зале Дома культуры, Лебединовского айыл окмоту, где собрались бывшие выпускники и родители, и бабушки с дедушками, и другие родственники юных танцоров. Двухчасовой концерт детей разного возраста прошел на одном дыхании. Завораживающие танцы концерта поддерживали хорошее праздничное настроение. Ансамбль танца «Юлтуз» неоднократный призер разных конкурсов. Активный участник всех мероприятий, которые проводят Общественное объединение уйгуров «Иттипак» КР и Ассамблея народа Кыргызстана Ансамбль танца «Юлтуз» радует своими зажигательными танцами нас всех. Без этих обаятельных девушек из ансамбля «Юлтуз» не проходит практически, не одна свадьба. В ансамбле есть младшая, средняя и старшая группы. Дети обучаются в ансамбле не только народным танцам, но и знакомятся с национальными обычаями, традициями и культурой нашего народа. Желаем танцевальному ансамблю «Юлтуз» новых танцев, новых творческих успехов и достижений!*





***Соб.корр.***

# كىتاپ يېڭىلىقلار



يېقىندا ئۇسمان تۇردىنىڭ «ۋەتىنىم - مېنىڭ سەجدىگاھىمدۇر» ناملىق كىتابى بىشكەك شەھىرىدىكى «ئايەت» باسماخانىسىدىن يورۇق كۆردى.

كىتاپتا ئۇسمان تۇردىنىڭ ئۇزۇن يىللار داۋامىدا يېزىپ، مەتبۇئاتتا ئېلان قىلدۇرغان ھېكايە، ئەسلىمە ۋە ماقالىلىرى ئورۇن ئالغان. بۇ توپلامدا ئۇنىڭ «قىساس يولىدا»، «ئانىنىڭ ئۆلۈم ئالدىدىكى تىنىقلىرى»، «مەلىخانىنىڭ تارىخى»، «بېشىر چايان»، «ۋاپادارلىق» قاتارلىق ھېكايىلىرى, «ئانامنى ئەسلەيمەن»، «ۋەتەن سۆيگۈسى بىلەن ياشىغان شائىر»، «شائىرنى ئەسلەپ»، «سەن قەلبىمدە مەڭگۈ ياشايسەن»، «ئاتاقلىق سەركەردە» ۋە باشقا ئەسلىمىلىرى، «ئىلى سەنئىتىنىڭ كۆرنەكلىك ۋەكىلى»، «يىگىتبېشى بولسا، شۇنداق بولسا»، «سەنئىتىمىزنىڭ مىراسخورى» ۋە باشقا ئوچېرىكلىرى، «ۋەتىنىم - سەجدىگاھىمدۇر»، «دادام چالغان دۇتارىم»، «1962 - يىلدىكى كۆچ - كۆچكە 50 يىل»، «قوش تىللىق مائارىپ ۋە ئۇنىڭ ئاقىۋىتى»، «شىنجاڭنى ئېچىشتىكى مەخسەت نېمە»، «تاش چۈشكەن يېرىدە ئەزىز» قاتارلىق ماقالىلىرى بېرىلگەن. ئۇسمانجان تۇردىنىڭ «ۋەتىنىم - مېنىڭ سەجدىگاھىمدۇر» ناملىق بۇ كىتاۋىدىكى بەزى ماقالىلىرى خىتاي دائىرلىرىنىڭ ھازىرقى رەزىل سەياسەتلىرىنى پاش قىلىشقا قارىتىلغان بولۇپ، كىتاپ ۋەتەنپەرۋەرلىك روھتا يېزىلغاندۇر.




تەھرىرات ھەيئىتى